چوڭ ھەجىملىك قورقۇنۇشلۇق ئەسەر

# تەكلماكان




**www.iptihar.net**

ئەلى چىراق

مەزكۇر ئەسەر ئىپتىخار مۇنبىرى پەخىرلىك يازغۇچىسى ئەلى چىراقنىڭ " تەكلىماكان " ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى قورقۇنۇچلۇق ئەسىرى بولۇپ بەشىنچى بۆلۈمى ئىپتىخار مۇنبىرىدە ھېلھەم يېزىلىۋاتىدۇ. ئەسەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىپتىخار مۇنبىرى ۋە ئاپتورغا تەۋە، قالايمىقان كۆچۈرۈپ تارقاتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

ئىپتىخار مۇنبىرى تور دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن ۋەھىملىك ئەسەرلەرنى ئاساس قىلغان تۇنجى ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات مۇنبىرى

## تور بېكەت ئادرېسىمىز :

**www.iptihar.net**

## 1 ـ باپ : بوۋاي

7 ـ ئاينىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ئىككى كۈندە بىر چىقىدىغان قۇم بوران ئادەمنى تۇلىمۇ بىئارام قىلىسىمۇ ، لېكىن خوتەننىڭ چەت بازىردادىكى بۇ خەققە ئىسسىق تەسىر قىمايۋاتقاندەك قىلاتتى، جىڭ چۈشتە سىرتقا چىقىشمۇ خوشاقمايدىغان بۇيەدە بۇنچە قايناม ـ تاشقىنلىق مېنى . تۇلىمۇ ھەيران قالدۇردى .

مانا بۇگۈن بۇ بازانى نەتىجىسىز ئايلانغىلى تۆت كۈن بولدى

– كەسلە غوجام ،كەسلە . . . ما يۇرەككە باردىغان دۇغاپتىن بى چىنە ئىچىپ ماڭسىلا

ـ ھە مانا ، ما پاقلاننىڭ گوشدە قىغان سامسا ، ئىسسىق چاي بىلەن بى يىمەملا

ئاشپەز ، سودىگەرلە توختىماستىن خېرىدا چاقىرىپ بازىنى ئاۋاتلاشتۇراتتى ، نەچچە كۈندىن ھېچنىمگە پەرۋا قىلماي ، ھېچقانداق سودىلىق قىلماي قۇرۇق ئايلىنىۋاتقىنىمنى پايدىسى يوقلىقىنى بىلدىمۇ كۆزنىڭ قويرىقىدا قاراپ قويۇشقىمۇ ئۇلگىردى . مەنمۇ ئايلىنىۋېرىشتىن زىرىكىپ يەرلىك قېتىق ساتىدىغان قىرىق ياشلا چامىسىدىكى بىر ئەرنىڭ يايمىسىغا كىلىپ قېتىقتىن بىرنى بويرۇتۇپ ئولتۇردۇم ، يايمىنىڭ نەچچە مېتىر نېرىسىدا 5 ـ 6 كىشى ھەدەپ تاش سودىسىغا كىرىپ كەتكەن . ئىدى

ـ شۇنچە چەت يېزىدىمۇ تاش سودىسى قىلىدىغانلا باركىنە . .!؟

ـ قايلاپ باقسام بۇ يەلىك ئەمەستەك تۇلا !؟ ئۆز ـ ئۆزەمگە قىلغان گېپىم

ئۆزىگە قارتىۋالغان يايمىچى سۆز باشلىدى .

ـ بۇ يە شەدىن سەل يىراق بوسىمۇغەمما تاش سودىسى مانا بىزنىڭ بازادىن باشلىنىپ ماڭىدۇ . .خېلى چوڭ تاشچىلامۇ تاش ئالغىلى مۇشۇ بازاغا كىلىدۇ ، ئەينە قارسىلا ئاۋۇ باللا تالىشىۋاتقان تاشمۇ كېمىدە بەش —ئالتە يۈز مىڭغا يارايدۇ ، ئىشەنمىسىلە قايلاپ تۇرۇڭلا ! ئۇ شۇندا

.دەپ ياندىكى ھىلقى تاش سودىسى قىۋاتقانلانى كۆسەتتى

. ئاچچىق قىتىقنى ئىچكەچ ئۇلارنىڭ سودىسىغا قۇلاق سالدىم

. يەتتە يۈزمىڭ بوسۇن ، تاش بەك ئىسىل دەيمەن—

يەتتە بوسا بەك ئۆرە بوپ كىتىدۇ ...شۇ تەرىقدە يەنە ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت دەتالاش قىلغاندىن

. كيىن ئاخىرى بەش يۈز قىرىق مىڭغا قول بىرىشىپ   كىتىپ قىلىشتى

ئەنە دىدىمغۇ بەش ـ ئالتە يۈزمىڭغا يارايدۇ دەپ .!!!يايمىچى ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك دىگەن —

. گىپىدىن ئۇنى بىردەم گەپكە سالغۇم كەلدى

!قازسام كەسىپ ئەھلىدىك قىلدىلا ، نىمىشقا تاشچىلىق قىمايلا ئاكا ؟ —

نەدىكىنى ئۇكام ، قۇشقاچ بوسمۇ قاساپ سويسۇن دەپ ، بۇ تەۋەككۇلچىلىككە دەسمايمۇ —

يوق يۈرەكمۇ يوق دەڭلا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىرمىنىڭ باھاسى يوق ئەمەسمۇ گەپكە ئۇستا ئەدەم

. بومىسا تەسكەن بۇ ئىش ، دائىم كۆرۈپ تۇرغاچكىمىكىن ئازتۇلا بىلىپ قالدىكەنسىز دەڭە

. راست دەيسىز ئاكا ، ئۇنىڭ گىپىنى قۇللىغاندەك بولدۇم —

ئۆزىڭىز نىمىش بىلەن ئۆتتىڭىز ئۇكام ؟ ئۇنىڭ سورىغان سۇئالىغا دەماللىققا نىم دىيىشىمنى —

. بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم

..... مەنمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش قىلىمەن—

.....ھە مۇندا دىسىلە، —

ئۇمۇ ئەجەپلىنىپ قالدى بولغاي ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى ، ئۇنى يەنە گەپكە سالماقچى

بولدۇم.5

ئاكا ! بۇ يەدە ئاسارە ئەتىقە ساتىدىغان يايمىكەشلە يوقمۇ ؟ ئۇ گىپىمنى چۈشەندى بولغاي —

. كۈلۈپ كەتتى

نەچچە كۈندىن نىماندا قۇرۇقتۇن قۇرۇق ئايلىنىپ يۈرىيدىكىن دىسەم ئەسلى شۇ ئىش بىلەن —

شوغۇللىندىلەنسىز ؟! سىزدىن يۇشۇرمايمەن ئۇكام بۇ ئىشتا ئېھتىيات بوغىنىڭىز ياخشى ، ھۆكىمەت

بەك توساۋاتىدۇ ، بۇرۇن باتى ، جىقىسنى تۇتۇپ كەتتى ، ئەنە ئاۋۇ بوۋايغا قاراڭ ! شۇنداق دەپ يولنىڭ يان تەرپىدىكى ئۆجمە دەرىخى ئاستىدا ياپما ئىچىپ ئولتۇرغان بوۋاينى كۆرسەتتى ، — ئەنە شۇنى دەيمەن ، ئۇمۇ ئاسارا ئەتىقىلەنى ساتاتتى ، سودىسى خېلى يامان ئەمەس ئىدى ، مۇشۇ نەچچە يىل ۋەزىيەت چىڭلاپ سودىسى يوقلا بولدى ، ھەتتا ئايلاپ ئايلاپ ھىچنىمە ساتالمىغان ۋاقلىرىمۇ . با تىپخى

مەنمۇ نەچچە كۈندىن پەقەت دىققەت قىلماپتىمەن دىسە ، يەتمىش ـ سەكسەنگە بوۋاينى بۇ !سودىنى قىۋاتىدۇ دىسە كىم ئىشىنىدۇ ؟

ئەجىبا ئۇنى تۇتماپتىغۇ ؟ —

ئاڭلىسام ئۇ ساتقان نەرسلەنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزى ياسىغان ، مەلەكويلادىن يىغۋاغان ئەسكە — تۇسكىلەمىش ،ئۇنىڭسىزمۇ ھۆكىمەتمۇ بىرپۈتى گۆرگە ساڭگىلغان ئادەمگە ئىپسىلىشۋالامدۇ .!!!..ئۇكام

.ئۇنىڭ يېنىڭغا بىر بىرىپ بىقىش ئۈچۈن قىتىقنىڭ پۇلنى بىرىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم

ـ . رەخمەت ئاكا ! كىيىنچە كىلىپ قىتىڭىزنى ئىچەي—

ماقىل ئۇكام ،ماقۇل كەپ تۇرالا ... خوشلۇشۇپلا ئۇدۇل يولنى كىسىپ ئۇتۇپ بوۋاينىڭ يىنىغا ( . كەلدىم، قارسام يايمىچى دىگەنگە ئوخشاش ساپال كوزا ، جىن چىراق ، ئەسكە تۇسكىلەكەن ئەسسالام ئەلەيكۇم بوۋا ! تەكەللۇپۇمدىن ھەيران بولدىمۇ ، ياكى كۆنلەپ سودا قىلمىغاچقىمۇ— ھەيرانلىق بىلەن چىرايىمغا بىر قارىۋېتىپ سالام قايتۇردى . ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسلام بالام ، ھە ، نىمگە قىزىقۋاتسەن بالام .؟ تەمكىنلىك بىلەن بىلەن قىلىنغان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەل قىزىقىپ قالدىم . ئالدىمدىكى نەرسلەنى بىرقۇر سىنچىلاپ قاراپ دات بىسىشقا باشلىغان بىر كىچىك پىچاق مىنى قىزىقتۇردى ، ئۇنى قۇلۇمغا ئىلىپ سىنچىلاپ قاردىم ، پىچاق ئۇستىدىكى بۇ خەتلەنى دات بىسىپ پەرىق ئىتىش تەس كەلسىمۇ ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئىكەنلىكىنى يۇز پىرسەنت جەزىملەشتۇردۇم ،

بۇنىڭغا قانداق باھا قويىسىز ؟ —

قۇلۇمدىكى پىچاقنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ چىرايى ئۆزگەردى ، كۆزۈمگە شۇندا تىكىلىپ قارۇەتكەندىن كىيىن پىچاقنى قولىغا ئالدى . پىچاقنا بىردەم سىنچىلاپ قارۇەتكەندىن كىيىن گەپ سۆزسىز ماڭا قايتۇردى ، شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز ئۇ تاقىۋالغان ئۈزۈككە كۆزۈم چۈشتى ، پىچاقنى ئالدىمىۇ كىزۇم يەنىلا ئۈزۈكتە ، ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە يۇلتۇز شەكىللىك غەلىتە بىرنىمىلە ئويۇلغان . توختا بۇ ئۈزۈكنى . ئەجەپ بىر يەدە كۆگەندەكلا . . . ھېچ ئىسىمگە ئالالمايۋاتىمەن

— قارىغاندا كەسىپ ئەھلى ئوخشايسەن بالام ؟! خىيالىمدىن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاردىم ، ئۇنىڭ ئەلپازى ئۆزگەرگەنىدى .قارىغاندا ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەن بۇ قېرى.

— ياق ياق ، ئاز تولا تەتقىقلىمەن شۇ .بۇ كەسىپ قىلدىغانلا شۇندا يالغان تەكەللۇپ ، سىلىق !سۆزلەنى ئىشلەتمىسەك چوڭ ئىشلاغا تەسىز يىتىدۇ ، ئەمدى مەن كىپەن ئوغرىسى دەيمەنمۇ ؟

— بولدى بالام ، ھەممىنى بىلىپ بولدۇم ، قوللىرىڭدىكى بۇ يارىلا قەبرىگە چۈشكىنىڭنى . كۆرستىپ تۇرمامدۇ ! قولۇمدىكى يارىنى كۆرسەتتى ئۇ

. قارىغاندا راست كەسىپ ئەھلىگە ئۇچراپتىمەن

قارىغاندا راست كەسىپ ئەھلىگە ئۇچراپتىمەن . قۇلۇمدىكى تاتۇققا قاراپ كۇلۇپ سالدىم ، ئۇستامنىڭ دىگىنى بويىچە قىلۋاتقان ئىشلىرىمنى ئىنسجىنغا بىلدۈرمەي كەلگەن ، ئەمما چىرايىدىن شۇنچە سادىدا كۆرەنگەن بۇ قېرى قۇلۇمغا بىر قاراپلا نىمە ئىش قىلدىغىنىمنى بىلىۋالدى دىسە !!!

! قارىغاندا يۇشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئوخشايدۇ . سىزمۇ بوش ئادەمدەك قىمايسىز بوۋا ئۇزۇن بولدى ، سىنىڭ ياش تۇرۇپلا بۇ ئىشنى قىلىپ يۇرگۈنىڭدىن بەك كۆڭلۈم يىرىم بولدى — ساڭا نەسىھەتىم بوسۇن ، ئۇمۇرۇمنىڭ ئاخىرغىچە تىنچ ياشاي دىسەڭ بۇ ئىشتىن قۇلۇڭنى تاتقىن . ئۇ شۇندا دەپلا نەرسىلىرنى يىغىشتۇرۇپ كىتىپ قالدى . مەنمۇ نىم گەپ سۆزسىز ئۇنىڭ كەينىدىن . قاراپ قالدىم

كاللامدا نۇرغۇن چىگىش خىيال ، ئويلاۋېرىپ بېشىم ئاغرىپ كېتىپاراتتى . ياتىقىمغا كىرىپ كاللامنى ئارام ئالدۇراي دىدىمىيۇ ھېلىقى قېرى كاللامدىن نېرى كەتمىدى ، ئاسىرى بۇلۇشۇپ كىتەلمەي سومكامدىن قېلىن خاتىرنى ئالدىم ، بۇ خاتىرە مەن بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغاندىن تارتىپ يىغىپ ساقلىغان ئاسارە ـ ئەتىقىغە مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللا بۇلۇپ مىنىڭ ئەڭ ئەتىۋالايدىغان نەرسەممۇ مۇشۇ ئىدى . توپ توغرا بەش سائەت ئىزدەپمۇ ھېلىقى قېرىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە ئوخشاش بىرە ئۈچۈر تاپالمىدىم ، قاچانلادا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن ، بىرچاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ بازا قايناپ كىتىپتۇ .

بېشىم يەنە تۈنۈگۈنكىدەك قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى . كاللامدا يەنە شۇ خىيال . ئاخىرى ئۇستامدىن ياردەم سورىماقچى بۇلۇپ تىلفۇن ئۇردۇم .

: . ۋەي ..!! ئالى —

!!ياخشىمسىز ئۇستام . قانداق تۇرۋاتسىز ؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ ؟ —

گەرچە خەنزۇ بولسىمۇ بۇ كەسپتىن بىلىم بەرگەن ئادەم بولغاچقا ، مىنى مۇشۇ كۇنگە ئۇلاشتۇرغان ئادەم بولغاچقا ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار .

ياخشى ، ياخشى ! سەنچۇ ياخشىدۇ ؟! ئۇيغۇرچىنى خېلى راۋان سۆزلىسىمۇ يەنىلا خەنزۇچە — سۆزلەشنى راۋا كۆردۇم .

. ماڭا ياردىمىڭىز كېرەكتى —

! مانى قارا . قاچان ياردەم قىمىغان ساڭا . كېرەكتى پىرەكتى دىمەي نىمە لازىم بولسا دىمەمسە‍ـ

.ئۇستامنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلىۋەتتىم ، ۋە كۆڭەن بوغان ئىشلانى ھەممىنى دىدىم

ئەمسە ، سەن ماڭا ھېلىقى ئۈزۈكتىكى رەسىمنى سىزىپ ئېۋەتىپە ، كۆرۈپاقاي . شۇندا دەپ — تىلفۇننى قويۇشتۇق ، ئۇنۇڭغائىسمەدە قالغىنى بويىچە قەغەزگە ئاددى سىزىپ تىلفۇندا رەسىم تاتىپ ئېۋەتىپەدىم .

بىرنەسە بىلگىدى دەپ ئىچىم تىتىلداپ ساقلاپ ئولتۇردۇم ، قانچىلىك ساقلىدىمكىن تىلفۇنۇم

. سايرىدى

.ھە ئۇستام . كۆردىڭىزمۇ ؟! تەقازا بىلەن سورىدىم —

!ھە . ئالى !! كۆدۈم . گىپىمنى ئاڭلا ئەلى . ئۇ ئادەمدە ياخشى مال بادەك قىلدۇ جۇمۇ ؟—

قاندا دەيسىز ؟ —

بۇ ئۇزۇكتىكى رەسمنى كىرورەن قەبرىسىدىن چىققان تىرە كىتاپتا كۆگەن ، كىرورەنگە —

مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەدىن ئالتۇن كۈمۈش ، جاۋاھىراتلانئۇچىراتمىغان ، قارىغاندا ئۇ ئادەم چوقۇم

قۇملۇققا كىرىپ باققان ياكى شۇ كىرگەن ئادەم بىلەن مۇناسىۋىتى بار . سەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ

. باق

مۇندا دەك ، رەخمەت ئۇستام ، ئۇنى بىر كونچىلاپ باقاي . يامنى كەسە قۇملۇققا ئۆزەم —

! كىرەمەن

بومايدۇ ، قۇملۇققا كىرمە ، سەن قۇملۇق توغۇرلۇق ھىچنىمە بىلمەيدىغان تۇرساڭ . سەن ئاۋال

!ئۇنى بىر چىكىپ باق قاغىننى كىيىن دېيىشنى ، ئەمما قالايمىقان ئىش قىلما ھە

خاتىرجەم بۇلۇڭ ئۇستام ، سىزگە كىيىن تىلفۇن قىلاي ھە . شۇندا دەپ تىلفۇننى قويدۇم ، —

كاللامدىكى بىر تۈگۈن يىشىلدى .... ئەمدى ئۇنۇڭغا يېقىنلاشمىسام بولمىغۇدەك . شۇ تەرىقىدە

.چۇش بولغىننى تۇيماي قاپتىمەن ، چۇشلۇك تاماقلاچىققاچ ئۇنۇڭ بىلەن كۆرۈشكىلى سىرتقا ماڭدىم

## باپ ـ 2

ئالتۇن قاچا

بىشىمنىڭ ئاغرىغىنىغا قارىماي بىرقاچا تاماقنى زورلاپ يەۋىتىپ بوۋاينىڭ يىنىغا قاراپ يۇرۇپ

كەتتىم، ئەمما ئۇ بۇەۋن چىقمىغان ئىدى . ئەپسۇسلانغا ھالدا قىتىقچىدىن سوراپ بىقىش ئۇچۇن

. يىنىغا قاراپ ماڭدىم

. كەسلە ئۇكام كەسلە ! ئوبدان تۇردىلا ، ما ئورۇندا ئوتاسلا يانىدىكى ئورۇننى ئىشە قىلدى ـ

ئوبدان ئاكا ، قېتىقتىن بىرنى بېرىڭە ، بېشىم بەكلا ئاغرىدىغۇ ئىچكىم بولمىسىمۇ ، ئازتولا —

.پايدا بەمىسە سودىگە دىگەندىن گەپ چىقمىقى تەس بولغاچقا بىرنى قاچا قېتىقنى بويرۇتتۇم

ئىسسىق ئۆتمىگەندۇ ھە؟ بەك دىققەت قىلسىلا مۇشۇ نەچچە كۈن ھاۋا بەك ئىسسىدۇ دەپ —

. تىلۇيزوردا خەۋەر بېرىۋاتىدۇ . بىرقاچا قېتىقنى ئالدىمغا قويغاچ سۆزلىدى ئۇ

شۇندا ئوخشايدۇ ئاكا ، دىمىسىمۇ بەك ئىسسىپ كەتتى ، ئىككى قوشۇق ئىچكەندىن كيىن —

يولنىڭ نېرىنى كۆرستىپ سورۇدۇم ،— ئاۋۇ يەدە ئولتۇردىغان ھېلىقى چوڭ ئادەم چىقمىدىمۇ ئاكا

؟

چىقتى ، يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە رەتلىك كىينۇاغان ئادەم كىلىپ بىردە پاراڭلاشىپ—

. كىتىپ قېلىشتى ، ئۇلارنىڭ كىتىشى بىلەنلا ئۇمۇ نەرسلىرنى يىغىشتۇرۇپ كىتىپ قالدىغۇ

ساقچى ئەمەستۇ ؟ پىچىرلاپ سورۇدۇم . كاللامغا يەنە چىگىش خىيال كىردى . قارىغاندا بۇنىڭ—

خېرىدالىرىمۇ خېلى بادەك قىلامدۇ نىمە ؟

. بىلمىدىم جۇمۇ ، مەنمۇ شۇندا مىكىن دىدىم . ئەمما شۇندا قىزغىن پاراڭلىشىپ كىتىپ قېلىشتى

قانچىلىك ۋاقىت بولدى ؟ —

! ئونبەش— يىگىرمە مىنۇت بوغاندۇ دەيمە —

قايسى تەرەپكە تۇردىغىننى بىلەمسىز ئاكا ؟ —

ئاياغ مەھەلە تەرەپ ماڭغىنى كۆرىمەنغۇ ، شۇ تەرەپتىدۇ دەيمەن ، قاندا بىرە سودا قىپاقاي —

دەمسىز ؟

ئۇنۇڭ سۇئالىغا جاۋاپ قايتۇرماي قېتىقنى پۇلنى بېرىپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يۇگۇردۇم .

ئالاھەزەل ئونبەش مىنۇت ماڭدىمغۇ دەيمەن ، قارىسىمۇ كۆرنەي دىمەيتتى . يەنە ئازىراق ماڭاي ،

ئۇچراپ قالا .. يولنىڭ چىتىدە ئويناۋاتقان ئوننەچچە ياش ئەتراپىدىكى بىر بالىدىن سورۇدۇم .—

ئۇكام بۇ يەدە كونا چىراق ،قاچا قۇچىلانى ساتىدىغان بوۋاي بارمۇ ؟

. بارغۇ دەيمەن —

قايەردە ئولتۇردۇ ئۇكام دەپ بىرە ؟ —

ئالدىمىزدىكى كوچىدىن سولغا بورلۇم بەش ئالتە يۈز مىتىر ماڭسىڭىزبىر ئەسكى ئۆي با ، شۇ —

. يەدە ئولتۇردىغۇ دەيمەن

رەخمەت ئۇكام ! بالا بىلەن خوشلۇشۇپ ئۇنۇڭ دىگەنى بويىچە مەھەلە ئىچىگە بۇرۇلدۇم ، راست‍ دىگىنىدەك مەھەلە ئىچكىردەرەك بىر كونە ئۆي تۇراتتى . گەرچە ئۆي كونىراپ كەتكەن بولسىمۇپاكىز رەتلىك كۆرىنەتتى . ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسا كىرەك كەچ كىرمىسىمۇ غۇۋا چىراق نۇرى كۆرىنىپ !. تۇراتتى ، ئاستا ئىشىكنى چەكتىم

كىمۇ ؟ —

. ئۆينىڭ ئىچىدىن بوش ئاڭلانغان ئاۋازدىن شۇ بوۋاي ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم

.: مەن تونۇگۇن يايمىڭىزغا كەلگەن باللا . سىز بىلەن كۆرۈشەي دىگەنتىم —

. بۇ يەگە كەلمىسەڭ بولاتتى . قايتىپ كەتكىن .مىنىڭ خوشلۇقۇم يوق تۇردۇ —

زەردە بىلەن ئېيتىغان بۇ سۆز ئاغرىپ تۇرغان بېشىمنى تېخىمۇ قوزغاتتى ئىشكىنىمۇ ئاچماي قايتىپ كەت دىگەنىگە ئاچچىقىم شۇنچە كەلسىمۇ ئۆزەمنى باسماقتىن باشقا ئامال يوقتە . ئاخىر بولالماي !سۆز ئاچتىم ،— سىز قۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرگەن شۇنداقمۇ ؟

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ چاققانلىق بىلەن ئېغىزىمنى ئېتىۋالدى ، بۇ ئىشتىن ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم ، دىمەك ئۇمۇ باشقىلانىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرگەن گەپ . كۆزۈمنىڭ قويرىقىدا ئىككى تەرپىمگە قاراپ ئادەم يوقلىقىنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم جايىغا چۈشتى ، ئۇمۇ ئىككى تەرەپكە قارۋېتىپ ئېغىزىمنى توسۇۋالغان قولىنى چۈشۈرۋالدىدە ئۆيگە باشلىدى . ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىشىمگىلا شۇندا غەلىتە پۇراق بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى ، بۇ سېسىق پۇراق ئەمەس بەلكى ھېچقاچان پۇراپ باقمىغان بىرخىل . خۇشپۇراق ئىدى

دىگىنە ، مىنىڭ قوملۇقنىڭ ئىچكىرسىگە كىرگىنىمنى قانداق ئۇقتۇڭ؟ ئۇيەنە بۇرۇنقىدەك —

.: تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلىدى . ئۇنىڭ بايامقى سوغاق ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى

قولىقىمىزدىكى ئۆزۈككۈ قاراپ ئۇقتۇم . ئۇدۇللا ئىپتان سۆزۈمدىن ھەيران قالدى بولغاي كۆزۈمگە

.بىردەم تىكىلىپ قارۋەتكەندىن كېيىن سۆزباشلىدى

قارىغاندا خېلى كەسىپ ئەھلىدىن تەلىم ئاپسەن . بولمىسا بۇ يېشىڭدا ئالىي مەكتەپتە —

. ئوقۇماي شۇ قاغىشقا ئۇچرىغان ئىشنى قىلامتىڭ

! ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىدى ، ھەقىقەتەن بوش ئادەم ئەمەسكەن

ئامال يوق ! تۇرمۇش ، ئاچلىق دەدىنى تاتىپ چوڭ بوغان مەندەك بالىغا مۇشۇ ئىش چىققىنىغىمۇ

!شۇكرى دەيمەن . قارىغاندا سىزمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەنسىز بوۋا ؟

ئۇزۇن بولدى . بۇ ئىشنى تاشلىغىلى ئۇزۇن بولدى . بىر پۇتۇم گۆرگەكىرگىلىغاندا نىم قىلاي . —

شۇ مەلەكويدىن يىغىۋاغان ئەسكى تۇسكىلەنى سېتىپ كۈن كەچۈرۋاتىمەن . ئۇ شۇندا دەپ تامغا

. تىرەپ قويغان جازنى كۆرسەتتى

. مەنمۇ قىزىقىپ جازىدىكى نەرسىلەنى كۆرگەچ سۆز باشلىدىم

بۇ كونا مىس قاچىلانى كىم ئالىدۇ بوۋا ، بۇ كونا چىراقلامۇ ئۆي ئۆيلەدە باغۇ ؟! بىر مىس —

قاچىنى ئالغاچ دىدىم ،— تۇرمۇشۇڭىز ھەرگىز بۇنەچچە تال تۇمۇر تەستەك بىلەن ئۆتمەس ؟ شۇندا

دىگەنچە قولۇمدىكى مىس قاچىنى ئىشارە قىلغاچ جايىغا قويۇپ قويدۇمىيۇ تۇيۇقسىز چىراق نۇرىدا

غۇۋا پارقىراپ تۇرغان قاچىنى قايتا قولۇمغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاردىم ، ھەيرانلىقتا يەنە بىرنى ئېلىپ

قاربدىم ، ئوخشاش يەنە قويۇپ ئۇچۇنچىسىنى ئېلىپ قاردىم بۇمۇ ئوخشاش ....ياق بۇ مىس

ئەمەس ، ئالتۇنكەن ، توغرا يۇز پىرسەنت جەزىملەشتۇرمەن ، بۇ كونا قاچىلاغا خېلى ئۇزاق يىللا

بويتۇ كىرلىشىپ قالغان بولغاچقا غۇۋا چىراق نۇرىدا خۇددى مىستەكلا ككرىنىو تۇراتتى .

. قولۇمدىكىنى قويۇپ تۆتىنچىسىنى ئېلىشىمغا بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى

.... توغرا بالام ! ئالتۇن —

باب—3

تۇتقۇن قىلىش

بۇ قېرىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدىممۇ ياكى ئۆزەمنىڭ سەزگۈسىگە ئىشەنمىدىممۇ قاچىنى ئېلىپ چىراق تۈۋىگە ئاپىرىپ تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم ، خاتا ئەمەس ئالتۇن ئىكەن . بۇ قاچىنىڭ بۇنچە ئۇپىراپ كونىراپ كەتكىنىگە كەمدە ئىككى مىڭ يىل بولغان ئىدى ، ئۈستىگە ھېچقاچا كۆرۈپ باقمىغان يېزىقتا ئىككى قۇرلا سۆز ئۇيۇلغان ، ئەما سىنچىلاپ قارسام خەت كېيىن ئۇيۇلغان ئىدى ،ھەرگىز ئالتۇن قاچا ياسالغان ۋاقىت بىلەن تەڭ ئۇيۇلمىغا

شۇنچە گۆھەرنى مۇشۇ ئەسكى ئۆيدە بىسىپ يېتىپ يۇقاپ كىتىشتىن ئەنسىرمىدىڭىز؟ ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم ، چۈنكى بۇ قاچا قۇملۇقتىن چىققانلىقى راست بولسىلا ئوبشاش ئېغىرلىقتىكى ئالتۇندىمۇ نەچچە ھەسسە ھەتتا نەچچە ئۇن ھەسسەئارتۇق پۇلغا يارايتتى ، لىكىن بۇ ئالتۇر تۇرسا قانداقمۇ باھا قويغىلى بولسۇن . بۇنىڭدىن بىرنى ساتسا بىر ئۆمۈر پادىشاھنىڭ كۈننى كۆرە بولغىدى ھازىرقى زاماندا ! بۇ يەردە بىر ئەمەس يەتتە ـ سەككىزى بار تۇرسا . ئادەم ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى . ....ئەگەر نىيتى بۇزۇلغان بىرەسى ئۇقۇپ قالسا

ھا ھاھا ، بالام بەزى ئىشلانى سەن تېخى چۈشۈنۈپ بولالمايسەن . مېنىڭ مۇشۇ ياشقىچە ھايات تۇرالىشىممۇ مۇشۇ نەچچە تۇمۇرتەستەككە باغلىق دىسەم بۇلدۇ . نۇرغۇن نەرسلەرنى پۇلغا سېتىۋالالمايسەن بالام .

ئۇنۇڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى ، بۇ ھالنى كۆرۈپ مەنمۇ نىم دىيىشمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ، تۇيۇقسىز ھىلىقى غەلىتە پۇراق كۆچلۈك پۇراپ كەتتى ، قۇلۇمدىكى قاچىنى بۇرنۇمغا يېقىن ئەكەلدىم ، دەل مۇشۇنۇڭدىن چىقىۋېتپتۇ . بۇ زادى نىمىنىڭ پۇرىقىدۇ ، ھېچقاچان پۇراپ باقمىغان دىسە

بۇنۇڭ ئىچىدىكى زادى نىمىنىڭ پۇرىقى ؟ نىماندىاق خۇشبۇي پۇرايدۇ ، ھېچقاچان پۇراپ باقمىغان پۇراقكەن دىسە ؟

ساڭا خۇشبۇي پۇراۋاتامدۇ ؟! بوۋاي ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى ، —

دادا ئانا مېھرىنى سىزىپ باقمىغان مەندەك ئادەمگە بۇ كۈلۈمسىرەش خۇددى ئۆز دادامنىڭ

كۆلكىسىدە تۈيۈلۈپ كەتتى . مەندە ھېچقاچان بۇندا سىزىم بولغان ئەمەس . سۆگىلاشقىمۇ كۆڭلۈم

. بىرخىل شاتلىنىپ قالدى ، شۇنداق دىگەن مەندە بىشىمنى لىڭشىتتىم

بۇياقتا ئولتۇر ! ئۇ يېنىدىكى ئورۇننى ئىشارەتلەپ ، — ساڭاڭا بەزى ئىشلان دەپپىرەي بالام .—

تەكەللۇپسىزلا ئۇنۇڭ يېنىغا كىلىپ ئولتۇردۇم ، قاندا مەخپىيەتلىك چىقىپ قالا دەپ ئۇنۇڭ ئاغزىغا

. قاراپ ئولتۇردۇم

،.... بۇندىن بىر يۈز ئىككى يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن ، سىنىڭدەك ۋاقلىرىمتى—

قۇلۇقۇمنى كونچىلۇېتىپ ئىشەنمىگەندەك سورۇدۇم ،— يۈز ئىككى يىل بۇرۇن ؟ مىنىڭدەك

ۋاقتىڭىز ؟! چاقچاق قىلماڭە بوۋا ئەمدى ئىشىپ كەتسە يەتمىشكە باغانلا ؟

. ياق ، گىپىمنى بۆلمە . ھىلىمەم بىركۈن ئېزىقماي دىگەندەك ساناپ كەلدىم —

ئۇنۇڭ گىپىدىن ئىغىزىم تۇۋاقلاندى ، ئەمدى بۇ ساراڭ قىرى يەنى نىمدەپ ئالجا دەپ ئىچىمدە \

. ئويلىۇدۇم

ئۇچاغلا ئازاتلىقتىن خىلى بۇرۇن بولۇپ سەن كۆگەن قايناق بازادا ئاران ئون نەچچەئائىلە بار —

ئىدى . تۇرمۇشۇمىز بەك تەس ، ئاچارچىلىق ، بەگلەرنىڭ زۇلۇمىيەك قىيىنايتتى ، كۈندە بىرچىشلەم

زاغرىغا شۈكرى دەپ يۇرەتتۇق . دىھقانلا ئۆزىنىڭ ئېتىزدىن چىققان ئاشلىققىمۇ ئىگە

بولالمايتتى . شۇ كۈنلەدە بىردىن بىر قورسا تۈيۇدىغان ئىش مۇشۇ قەبرىدىن چىققانى بايلاغا

سېتىش . دادامۇ ئاچلىقنىڭ ئازابىغا ، بىزنىڭ زارىمىزغا چىدىماي بىرنەچچە قېتىمقۇملۇقا كىرىپ

ئاز تولا نەسە ئېچىقىپ بىر ئەجنەبىگە ساتتى ، دادامنىڭ دىيىشچە ئەجنەبى دادام ئېچىققا ئەسكە

. قاچىلانى كۆرۇپ بەك خوش بولوپ كىتىپتۇ ھەم ئۇنۇڭغا نەچچە كۇمۇشتەڭگە بېرىپتۇ

. بىزنىڭ بىشىمىز كۆككە يەتتى ! بولۇپمۇ ئانام ھەممىدىن بەك خوش بوپ كەتتى \

بوۋاي چىنىسىدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى بىر ئوتلۇۋېتىپ يەنە سۆز باشلىدى ،— شۇ نەچچى تال

كۇمۇش تەڭگىگە كۈنىمىز بىر مەزگىل توقچىلىقتا ئۆتتى ، ئەمما تۈگمەيدىغان نىم بار دەيسەن

؟! تۇرمۇشىمىز يەنە ئىزىغا چۈشتى ، يەنە قۇرساقنىڭ غېمىنى قىلىشقا باشلىدۇق ، بىر كۈنى

دادام ئۆيگە شۇندا خوشال كىردى ،ھەممىمىزنى چاقىرىپ مەسلەھەتلىشىدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتتى ، ئۇنىڭ دىيىشىچە ئەجنەبىلە دادامغا نۇرغۇن پۇل بېرىدىغاننى قۇملۇقتىكى قەبرىگە يەى كىرورەنگە باشلاپ كىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ . كىرمەي نىم ئامال ئاچ ئۆلگەندىن بىر تەۋەككۇل قىلىپ كىرىپ بېقىش كېرەكتە ، دادام ئۆزى يالغۇز كىرمەكچى بولدى . مەن ئاكام ئۆمەر بىلەن مەسلەتلىشىپ بىللە بېرىپ كۆرۈ بېقىشنى دىيىشىپ دادامغا ئۆتۈندۇم ، دەسلەپ ئۇ ئۇنىمىغان ئىدى ، ئەمما بىز يولدا سىنىك ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىپ ماڭمايمىزمۇ دەپ چىڭ تۇرۋېلىپ دادام ـ ئانامىلانى قايىل قىلدۇق شۇنداق قىلىپ بىز توپتوغرا ئونبەش كۈن يول يۈرۈپ ئاخىرى دادام تاپقان قەبرىگە كەلدۇق . ئەجنەبى ۋە ئۇنىڭ شېرىكى يەنە بىر تەرجىمان بىز ئۆچىمىز قوشۇلۇپ ئالتىمىز ئۆيەردە ئىككى كۈن قەپرە قازدۇق ، ئۆچۈنچى كۈنى ئەتىگەن ئەجنەبە تەرجىماننى كىلىپ بىزنى ئويغاتتى ، ئەجنەبى بىرنىملەنى بىلجىرلاۋاتاتتى ، تەرجىمان بىزگە ئۆرۈپ بېرىشىچە ئەجنەبى ئىزدىگەن قەپرە كىرورەنگە تەۋە ئەمەس ئىكەن ، قۇملۇققا يەنىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىپ بېقىشنى ، دادامنىڭ يول باشلاپ مېڭىشىنى ئېيتتى ، ئەمما دادام ئۇنىمدى چۈنكى دادام ئىچكىرلەپ كىرىپ باقمىغاننى ئۇنىڭ ئۇستىگە يىمەكلىك ۋە سۇنىڭ پەقەت قايتىشقىلا ئاران يېتىدىغىننى ئېيتتى .

ئەجنەبى دەرھال يېنىدىن ئونتال كۈمۈش تەڭگىنى چىقىرىپ دادامغا تۇتقازدى ، دادام نىم \ دىيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى ، بۇنچە جىق پۇلنى كۆرۈپ باكمىغان ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەن ئاغزىمىزنى ئېچىپ قېلىشتۇق ، دادام ماڭا قاندا قىلمىز دىگەندەك ئىككىمىزگە قارىدى ، ئاكاڭلېتىپ كىتىشنى پۇلنى دەپ جاننى سەپ بەمەسلىكنى دېدى ، ئەمما مەن ئۇنىماي تۇرۋالدىم ، بىر تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشلىقنى قۇرۇق قول قايتساق ئوخشاش جاپا تاتىدىغاننى دەپ چىڭ تۇردۇم ، دادامىۇ بىر قارارغا كىلەلمەي قولىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەگە قاراپ تۇراتتى . تەرجىمان ئەگەر باشلاپ باسا ئىش پۈتكەندە يەنە ئون تەڭگە بېرىدىغىننى ئېيتتى ، دادام ماقۇل بوپ بېشىنى لىڭشتتى ، شۇندا قىلىپ نەرسە كېرەكلەنى يىغىشتۇرۇپ يەنە ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتتۇق ،ئەمما بۇ قېتىم دادام ئەمەس ھېلىقى ئەجنەبى يول باشلاپ مېڭىۋاتاتتى ، ئۇ بىردەم كومپاسقا بىردەم ئەسكى بىر ۋاراقىقا قاراپ تۆتكۈن

ماڭغاندىن كېيىن بىر ئەسكى خارابىلىقتا يېتىپ كەلدۇق ، ئۇيەدە چىرىپ كېتەيدىگەن كونا توغراقتىن بىلەك پۇلغا يارىغۇدەك ھېچ نەرسە كۆرمىدۇق ،

ئەجنەبى ۋۇ ئۇنىڭ ھىلىقى شىرىكى توغراقلانى مىترلاپ ،قۇمغا بىرمۇنچە كىچىك بايراقلانى تىكىپ ، يەنەبىردەم ھىلىقى ئەسكى ۋاراقتا قاراپ چۇشتىن قايرىلغاندا ئەجنەبى خوشاللىقىدىن ۋاقىراپ كەتتى ، بىز نىم بولغىننى بىلمەي ھەيرانلىقتا تەرقىماندى سورىدۇق ، تەرجىمانىنىڭ دىيىشچە ئۇلا . ئىزدەۋاتقان كىرورەن شەھىرنى تېپىپتۇ

ئۇنىڭ دىگىنىگە زادى ئىشەنمىدىم ، چۈنكى كىرورەننىڭ ھازىرقى ئورنى ،كوردىناتىنى ماتىرياللادا ئېنىق دىگەن تۇرسا ، كىرورەنگە يەردىن ئەمەسلوپنۇر چەرچەنلەدىن ماڭسا ئەڭ يېقىن تۇرسا ، ئەجبا !!ماۋۇ قېرى باشقا خارابىنى كىرورە دەۋالدىمۇ يا قاتىرلەگە جاتا پۇتۇلدىمۇ؟

شەھەر دىدىڭىزمۇ ؟ كىرورەنگە قۇملۇقنىڭبۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە بېرىش ئۇچۇن پىيادە ئىككى— ئاي ماڭاسىز ، مەن ئۆزەم كىرىپ باقمىغان بىلەن بۇ توغۇرلۇق ماتىريالالا تۇلۇققۇ ، سىز ئون بەش . ! كۈندە ئۇيەرگە بېرىپ بولدۇق دەيسىزغۇ

ئەجبا سەن قۇملۇقتا ئىككى كىرىپلا ماقالا يېزىپ نام چىقىرۋاتقان شۇ كىتاپپۇرۇش ئالىملاغا — شۇنچە ئىشىنەمسەن ؟

. ئۇنۇڭ سوئالى مىنى ئىكىلەندۇرۇپ قويدى

ئەمسە ئۆزىمىزنىڭ ئالىملىرى تاپالمىغان شەھەرنى نەدىكى بىر ئەجنەبى نەچچە دۆلەت ئاتلاپ— كىلىپ تاپتىما ؟! ئەمسە سىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپسىزغۇ؟

گەپ ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىدە ئەمەس ، ئۇنىڭ شەھەرنى تېپىپ ئۆز كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ — قويغانلىقىدا ، مېنىڭ نىمىشقا بۇ ئىشلانى ساڭا سۆزلەپ بەرگىنىمنى بىلەمسەن ؟

. ياق دىگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم

چۈنكى سەن كۆگەن بۇ قاچىلانى ئۆزىنى ئالىم ،پىراپپىسور داۋالغان سىكلەتۋازلادىن نۇرغىنى — كىلىپ كۆدى ، ئەمما ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئاغزىغا كەلگىننى بىلجىرلاپ كىتىپ

قىلىشتى، ئەمما سەن تۇنۇۋالدىڭ ، بۇنچە ياش تۇرۇپ بۇ نەرسىلەنى تۇنۇۋالغىنىڭغا قاراپ سېنى

. ھەقىقەتەن ئىش كۆڭەنلىكىڭنى ئويلاپ يەتتىم

ئۆزەمدىن پەخىرلەنگەندەك بولدۇم ، ماختىسا خوش بولمايدىغان كىم با؟ ، شۇندادىچۇم تۇرۇپ \

. ئۇنۇڭ سۆزىنى تىڭشاشقا مەجبۇرمەن

سىنىڭچە كىرورەن خارابىلىككا ئايلىنىپ يوق بولدى شۇنداقمۇ ؟!! ئۇنۇڭ قويغان سوئالدىن —

ئەجەپلىنىپ قالدىم ، چۈنكى كىرورەننىڭ يوقالغىنىنى دۇنيا ئەھلى ھەممىسى بىلدىغان تۇرسا . —

. ئەلۋەتتە شۇنداق ، بۇنى ھەممىسى بىلدىغۇ

. ياق ئۇ شەھەر تېخى با ، نۇرغۇن بايلىق بىلەن ، ھەددى ھىساپسىز بايلىق بىلەن—

ئۇنىڭ بۇ گېپى مىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى ، — نىمە نۇرغۇن بايلىق بىلەن ،؟! بولسىمۇ

. قۇملۇققا كۆمۇلۇپ يوق بولغاندۇ

. ياق بالام ! ئۇ شەھەر ھىلىھەم مۇكەممەل ساقلىنۇۋاتىدۇ —

. چاقچاق قىماڭە ، ئەگەر مۇكەممەل بولسا بۇتاپقىچە مىڭ قېتىم تېپىپ بولاتتى —

. ياق ئۇ شەھەرنى ھىچكىم تاپالمايدۇ . ئۇ شۇندا دىگىنچە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى قاراتتى —

يەر ئاستىدا ....؟! ھاياجاندا قاندا ۋارقىرۇەتكىنىمنى بىلمەي قالدىم . بۇ قېرى ھىچ —

. ئالجىمايۋاتقاندەك قىلاتتى

توغرا ! ئۇ ئاستا قىلىپ سۆزلىدى ، بەلكىم باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرگەن بولسا —

كېرەك ،— بىر ئۇ يەرنى ئىككى كۈن كىچە ـ كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ كولىدۇق ، ئۈچىنچى كۈنى ئاكام

كولاۋاتقاندا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كولاۋاتكان يەر ئۆلتۈرشۈپ ئاكام قۇم بىلەن تەڭ پەسكە

چۈشۈپ كەتتى ، بەكلا قورقۇپ كەتتۇق ، قارساق يوغان بىر ئۆڭكۈر پەيدا بوپ قاپتۇ . بىز

كولاۋېتىپ ئۆڭكۈنى ئېغىزنى ترەپ تۇرغان تاشلانى پەسكە چۈشۈرۋېتىپتىمىز شۇنۇڭ بىلەن ئۆڭكۈنىڭ

ئېغىزى ئېچىلغان گەپ ، بىزمۇ كەينى كەينىدىن پەسكە چۈشتۇق ، ئۆڭكۈنىڭ ئىچى قاپ قاراڭغۇ،

ھىلىقى ئەجنەبى ۋە شېرىكى قولچىرىقىنى ياندۇردى ، بىز ئۇلانىڭ كەينىدىن ماڭدۇق ، ئەتراپىمىز

قاپقاراڭغۇ ، قولچىراقمۇ نەچچە مېترلا يورۇتۇپ تۇرغاچقا ئەتراپىمىزدا نىم بارلىقنى بىلمىگەچكە بىربىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆرۈلۈپ ماڭدۇق . بىر چاغدا مېڭىشتىن توختىدى ۋە قولچىراقنى يانغا قاراتتى ، نەچچە مېتىر نېرىدا تاش تام تۇراتتى ، بىز تامنى بويلاپ

ئاستا مېڭىۋاتاتتتۇق ،بىرچاغدا ئەجنەبى بىر نىمىلەنى دىدى ۋە ئالدى تەرەپ تېزلا يورۇپ كەتتى ، قارسا تامدا تورلۇشۇپ كەتكەن بىر مەشئەل تۇراتتى ، بىز مەشئەلنى ئېلىپ تۇتاشتۇرغاندىن كىيىن ئەتراپ ئازراق يورۇدى ، قارساق نەچچە مېتىردە بىردىن مەشئەل ، بىز ھەممەيلەن بىردىن مەشئەلنى تۇتاشتۇردۇق شۇندىلا ئەتراپنى يورۇقلۇق قاپلىدى . بىز ئەتراپنى كۆزەتكەچ ماڭدۇق ، تامدا . ھەرخىل غەلتە رەسىملەر ، بەزىلە ئادەمنىڭ ، بەزىلە ھەرخىل ھايۋاننىڭ رەسىملىرى ئىدى

يەچچە ئون مېتىر ماڭغاندىن كىيىن بىر بوشلۇقتا چىقتۇق مەشئەلنىڭ يورىقى چىتىگە بارالمىغان ئىدى .ئەجنەبى شىرىكىگە بىرنىمىلەنى دىدى ، شىرىكىمۇ ماقۇل دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ سومكىسىدىن يوغان كالتەكنى ئېلىپ ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرشى بىلەن تەڭ كۆزىمىزدى چېقىپ پۈتۈن ئەتراپنى كۈچلۈك نۇر قاپلاپ كەتتى ، ھېلىقى نەرسىدىن قۇيۇق ئىس چىقىۋاتاتتى ، بىز ئاتا بالا بۇندا نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا قورقۇپ كەينىمىزگە داجىپ تۇردۇق ، دادا قارا دىگەن گەپ بىلەن ئەتراپقا قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپ قاپتىمەن ، شۇنداق چوڭ بىر ئوردا ، خۇددى پادىشاھ ئوردىسىدەك قىلاتتى ، ئىچى لىق ئالتۇن جاۋاھىرات ، ھەيكەل ، تەڭگىلەر قاچىلانغا ساندۇق بىلەن لىق تولغان .

بۇجاھاندا ئۇنچە كۆپ بايلىق بارلىغىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم ئىشەنمەيتتىم . بىرچاغدا ئەجنەبى بىزگە قاراپ بىرنىمىلەنى دىدى، تەرجىمان دەرھاللا ئۇ سىلەنى تامنىڭ ئۈستىدىكى مەشئەللەرنى ياندۇرۇۋەتسۇن دەيدۇ دېدى ، قارساق تامدا ھەر بەش مېتىردە بىردىن چوڭ مەشئەل تۇراتتى . بىز ئىككىمىز يۈگرەپ دىگەندەك ئىككى تامدىكى ھەممە مەشئەلنى ياندۇرۇۋەتتۇق ، ئوردا . كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى ، پاھوي ، ما بايلىكنى

ئەجنەبى خوشلىغىدا شىرىكى بىلەن قۇچاقلىشىپ ۋارقىرشىپ كىتىشتى . بۇنچا بايلىقنى كۆسە كىممۇ خوش بولماي تۇرالسۇن دەيسەن . ئۇلار كۆزەينىكىنى تاقاپ يوغان ئەينىكىنى ياندىكى ئالتۇن

ھەيكەلگە يېقىن ئەكىلىپ سىنجىلاپ قاراشتى ، مەنمۇ كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ساندۇقتىكى تىللاغا

. قولۇمنى ئۇزۇتۇشۇمغا كوپىلا قىلىپ تۇتىلغان قول مېنى چۆچۈتىۋەتتى

قورقىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم ، مېنىڭ قولۇمنى تۇتىۋالغان ئەجنەبى ئىكەن،ئۇ چىرايىنى

تۈرگىنچە بىرنىمىلەنى سۆزلىدى، مەن خىيالىمدا بۇ ئەجنەبى بايلىقنىڭ ھەممىسنى ئۆزىنىڭ

قىلىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ دەپ ئۇنىڭغا سەت ئالايدىم ، ئەمما ئويلىغىنىم خاتا ئىكەن تەرجىماننىڭ

بىزگە ئۆرۈپ بېرىشىچە بۇ يەرنى ئېنىق كۆزۈتۈپ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ ئاندىن

. تۇتىشىمىزنى ، بۇيەدە قىلتاق ياكى جادۇ ئەپسۇن بولۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئېيتتى

بىز بىربىرىمىزگە قورقۇنۇش ئىچىدە قاراپ ، ھېچنىمىگە چېقىلماي ئۆلارنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق .

بىر چاغدا ئەجنەبىنىڭ شىرىكى بىرنىمىلەنى دەپئالدىغا يۈگىردى ئەجنەبى ۋە بىزمۇ ئۇنۇڭ كەينىدىن

يۈگىرەپ ماڭدۇق ، تەخمىنەن ئەللىكمىتىردەك ماڭغاندىن كىيىن ئوردىنىڭ ئالدى تەرىپىدە پەشتاق

ئۈستىگە شۇنداق ھەشەم بىلەن ياسالغان يەتتە جەسەت ساندۇقىنى كۆردۇق ئۇنىڭ ئىچىدە چىرىپ

كەتكەن قەسەتلە تۇراتتى ، بىزنى ھەممىدىن ھەيراق قالدۇرغىنى بۇ جەسەتلەر بولماستىن ئۇنۇڭ

ئاياق تەرىپىگە قويۇلغان ئالتۇن قاچىدا شۇندا چىرايلىق گۈل پۇرەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى ، ئەنە سەن

. كۆگەن ئاۋۇ قاچا ، بوۋاي شۇندا دەپ بايا تۇتقان قاچىنى كۆرسەتتى

مەن ئۇقاچىغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ ئۇنۇڭغا دىدىم ،— ئېچىلىپ تۇرغان گۈل ﻪچچە مىڭ يىل

ياقى ئۇ گۈللەنى كىم پەرۋىش قىلدۇ ، قۇملۇقنىڭ ئاستىدىغۇ دەريا بارلىقىغا ئىشىنىمەن ، بىرئالتۇن

!!قاچا ئىچىدە گۈلنىڭ قۇرىماي شۇنچە ئۇزاق نورمال ئەمەستەكقۇ ؟

مەسىلە شۇ يەردە ، بىزمۇ كۆزىمىزگە ئىشەنمىدۇق .ئەجنەبىمۇ ھەيرانلىق بىلەن شىرىكى بىلەن —

خېلى ئۇزاق كولدۇرلاشتى ، ئۇ بىردەم جەسەت ساندۇقىنى بىردەم تەشتەكنى كۆرسىتىپ بېرنىملەنى

دەيتتى ، بىز تاقەتسىزلىك بىلەن تەرجىماندىن نىم داۋاتقىننى سورىدۇق ، ئۇنۇڭ دىيىشىچە جەسەت

ساندۇقىنىڭ ئاياق تەرىپىدە كىچىك تۆشۈك باركەن ، جەسەت بىرمەزگىل تۇرغاندىن كىيىن سىپسىپ

ئۇنىڭ بەدىنىدىكى مايلار ئېقىپ مۇشۇ تەشتەككە چۈشەمىش ، ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاياق تەپىگە قاردىم ھەقىقەتەن بىر تۆشۈك بار بولۇپ قاچىمۇ شۇ تۆشۈكنىڭ ئاستىغىلا قويۇلغان . بىر چاغدا ئەجنەبى ماڭا سومكىنى بېرىشنى ئىشارەتلىدى ، سومكىنى ئۇنىڭغا بەردىم ، ئۇ تەشتەكنى ئېلىپ بۇرنىنى ئىتتۋالدى ، خۇددى بىر سېسىق پۇراقتىن سەسكىنگەندەك چىرايلىرنى پۈرۈشتۈرۈپ كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىزگىمۇ بايا سەن پۇرىغان پۇراقتەك شۇنداق خۇشبۇي پۇراق ئۇرۇلدى ، مەن دادامغا بۇ ئەجنەبىنىڭ بۇرنىدا مەسلىسى با ئوخشايدۇ دادا ،شۇنچە قۇش پۇراقتىن سەسكىنىپ كىتپاردۇ قارا دىدىم . . .دادامۇئەجەپلىنىڭ قاراپ قويدى ۋە بىزگە قاراپ بۇ يەنىڭ سەل غەلتىلىكىنى ئەڭ ياخشىسى ھىچ نەسگە چېقىلماي ئەجنەبى بەگەن كۆمۈشنى ئېلىپ چىقىپ كىتىشىمىزنى ئېيتتى . دادامنىڭ دىگىنى ئورۇنلۇق بولغاچقا ماقۇل دىگەن مەنىدە بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق ، ئەجنەبى گۈلنى ئاستا يۆلۈپ ئالدىدە تۇپىسى بىلەن بىر لاتىغا ئوراپ سومكىغا سالدى ، قاچىنىمۇ ئوخشاش ئوراپ سومكىغا سالدى ، شۇندا قىلىپ يەتتە جەسەت ساندۇقى ئاستىدىكى گۈل ۋە قاچىلانى ھەممىنى سومكىغا سېلىپ ماڭا ئۇزاتتى ، مەن سومكىنىڭ ئېغىرلىقىنى مۆلچەرلىمەيلا بىر قولۇم بىلەن كۆتەرگەچكە يەرگە چۈشۈرۈۋەتكىلى تاس قالدىم ،تەرجىمان ماڭا دىققەت قىلىشىمنى بۇ قاچىلار بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى ، بۇ نەرسىلەنى دۆلىتىگە ئەپكىتىپ تەتقىق قىلىدىغىننى ئېيتتى ، مەنمۇ بۇنچە ئېغىر سومكىنى ماڭا كۆتەتىپ قويغىنىغا نارازى بولغاندە ، باشقا ياققا قاراپ تۇرۋالدىم ،كۆزۈم ئوتتۇردىكى جەسەت ساندۇقىغا چۈشتى ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەسەتنىڭ باش سۆگىكى بىلەن پۇت قولىنىڭ بىرنەچچە پارچە سۆگىكىلا قاپتۇ ، قولىنىڭ بارماق سۆگىكىگە بۇ ئۈزۈك تاقاپ قويۇلغان . ، ئۇ شۇنداق دەپ تۈنۈگۈن قولىدا كۆرگەن ئۈزۈكنى كۆرسەتتى .

ئويلۇغۇنۇم خاتا ئەمەسكەن بۇ ئۈزۈكنىڭ كىلىش مەنبەسى ئۇنچە ئاددى ئەمەسكەن ،— سىز بايا ھىچ نەسگە چېقىلمايدىغان بولۇشتۇق دىيىشكەندەك قىلغانىغۇ ؟

شۇنداق ! ھىچ نەسگە چېقىلمايمىز دىيىشكەن مەن بۇنۇڭغا قىزىقىپ ئەجنەبىدىن بۇ نىمە دەپ— ئۈزۈكنى كۆرسەتتىم . ئۇمۇ گىپىمنى چۈشەنگەندەك جەسەت ساندۇقىنىڭ يېنىغا باردى ، ئۇنى كۆرۈپ

باقماقچى بولۇپ تۇتۇشقىلا چىرىپ كەتكەن سۆگەكلە كۆلدەك تورۇپ كەتتى . ئۇ سەل تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۆكنى ئېلىپ ھېلىقى ئەينەكنى بىلەن سىنجىلاپ قارۇۋەتكەندىن كېيىن جوشلىغىدا بىرنىملەنى سۆزلەپكەتتى ، تەرجىمان بىزگە بۇ جەسەت پادىشاھنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ، ئۇ ئاغزى بېسقماي سۆزلەۋاتاتتى ، چۈنكى بۇ بايقاشلا دۇنيادىكى مۆجىزىنىڭمۇ مۆجىزىسى بوپ قالاتتى ، تۇيۇقسىز ئۇ سۆزلەشتىن توختاپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى قولىدىكى ئۆزۆكمۇ چۈشۈپكەتتى ئاستا دوملاپ پۇتۇمنىڭ ئاستىغا كىلىپ توختاپ قالدى ، مەن ئۆزۆكنى قولۇمغا ئېلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنۇڭغا تەڭلىدىم ، ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈپ قولۇم ھاۋادىلا قالدى ، ئۇنۇڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناشقا باشلىغان ئىدى . دەققە ئۆتمەي يەرگە يىقىلىپ قان تالىشىپ تېپچەكلەشكە باشلىدى . بىز قورقۇپ تەرلەپ كەتتۇق نىم بولغىنىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا يېقىن كىلەلمىدۇق . ئەجنەبىنىڭ شېرىكىمۇ نىم قىلىشنى بىلەلمەي ياندا قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى ، بىر چاغدا ئۇمۇ تېپچەكلەشتىن توختىغان ئىدى ، ئۇ ئۆلۈپتۇ دىدىم . دادامغا ، دادامۇ قورقۇپ كەتكەچكە ئۇن تونسىز ئۇنۇڭ جەستىگە قاراپ تۇراتتى

قانداق قىلىمىز دىيىشكەندەك بىر بىرىمىزنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرىشاتتۇق ، تۇيۇقسىز جەسەت \ ساندۇغىدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈردىغان بىرخىل ئاۋاز چىقىۋاتاتتى ، بىز ئاستا كەينىمىزگە داجىدۇق . شۇ چاقدا جەسەت ساندۇقىدىن چوڭلىقى ئادەم بىلىكىدەك بىر نەشتەر كۆتۇرلۈشكە باشلىدى خۇددى چايانىنىڭ نەشتىرىگە ئوخشاتتى ، پۇت قۇلۇمىزدا جان دەپ نەرسە يوق ، ئىشتانغا چىقىرۋېتەي دەپ قالغان ئىدىم ، ئاگغىچە يوغان ئىككى قىسقۇزىنى كوتۇرلۇپ چىقماسمۇ ، يا ئاللا دەۋەتتىم ئىچىمدە ، بۇ راسلا چايانكەنغۇ ، ئۆمۈرۈمدە بۇندا چوڭ چايانىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن ، بەلكىم جەسەت يەپ شۇندا يوغراپ كەتكەن بولسا كىرەك ، ئۇنۇڭ چوڭلىقىمۇ پاقلاندە باتى ، رەڭگىمۇ قارداپ ئادەم قارسىمۇ قورقۇپ جىنى چىققىدەك بولۇپ كېتىپتۇ . ھەممىمىز ئاستا كەيمىزگە داجىدۇق . ئۇ ئاۋازمۇ بارغانسىرى كۈچىيىپ باراتتى ، ئەمما ئۇ ئاۋاز چايانىدىن ئەمەس باشقا نەرسىدىن چىقىۋاتاتتى .

بۇ گەپلەنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز تىنىم شۇركۈنۈپ كەتتى ، خۇددى ئۆزەمنى شۇ جايدىدەك ئۇن . تۇنسىز ئوتتۇرۇپ ئۇنۇڭ ھېكايىسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدىم

ئۇ ئاۋاز بايىشقا يەدىن ئەمەس بىرنىڭ ئۇستىمىزدىن چىقىۋاتاتتى . ھەممىمىز قورققىنىمىزدىن — ١ سوغۇق تەرگە چۆشۈپ كەتتۇ ، ئاتسا ئۇستىگە قارىدۇق ، قورقۇپ كەتكىنىمدىن ئىشتانغا چىقىرۋېتەيلا دەپ قالغان ئىدىم ............. يىلان ، بۇنداق چوڭ يىلاننى ئۆمۈرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن ، ئۇنۇڭ ئۇزۇنلىقىنى دەپ بېرەلمەيمەن ئەمما تومىلقى ئادەم بىلىدىنمۇ چوڭ. قاچ دىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ئۆلە تىرلىشىمىزغا قارماي كەلگەن يولىمىز غا قاراپ قاچتۇق . كاللامدا باشقا خىيال يوق پەقەت ئۆلۈملا كەلگەن ئىدى . ھېلىقى يىلان تورۇستىرېمىزگە قاراپ ئوقتە ئېتىلدى ، چايانمۇ دىيىشۋالغاندەك تەڭلا بىزگە ئېتىلدى . ‹ پاڭ › قىلغان ئاۋاز ئاڭلاپ كەينىمگە قاردىم ھېلىقى ئەجدەبىنىڭ شىرىكى تاپانچا بىلەن چايانغا قارتىپ ئوق چىقىرىپتىكەن ، ئەمما ئوق ئۇنۇڭغا كار قىلمىدى ، ئەجدەبى تاپانچىنى تاشلاپ قېچىشىغا ھېلىقى يىلان چىشلىسىچە باشقا ياققا سۆرەپ كەتتى ، ئۇنۇڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئوردىنى بىر ئالدى . قالغان تۆتىمىز تېخىمۇ تېزىمۇ تېز قېچىشقا باشلىدۇق ، ھېلىقى بىز كىرگەن ئېغىزغا كىلەي دىگەندە تۇيۇقسىز ئۆزەمنىڭ يالغۇز يۈگرەۋاتقىنىمنى بىلىپ كەينىمگە قاردىم ،دادام ئاكام بىلەن ئوتتۇرۇمىزدا ھېلىقى يىلان تۇرماسمۇ ، ئەتراپ ھەممىسى چايان ۋە يىلان بىلەن توشۇپ كىتىپتۇ ، ئۇلارنىڭ نەدىن چىققىنىنمۇ بىلەلمەي قالدىم . شۇ ۋاقىتتا ھەممىز يوق بولدۇق تۇگەشتۇق دەپ ئويلىغان ئىدىم ‹ قاچ بالام › دادامنىڭ ۋارقىرىغا ئاۋازى ئاڭلاندى ، بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن بىز چىكىتەلەيمىز دەپلا قولىدىكى مەشئەلنى يىلانغا قارتىپ ئاتتى دە كەينىگە قاراپ قاچتى . يىلان مىنى قويلىماي ئۇلارنى قويلاپ كەتتى ، مەنمۇ كەينىمگىمۇ قارىماي قاچتىم ، ھېلىققى بىز كىرگەن ئۆڭكۆرگە كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ مەشئەل ئېۋالمىغىنىم ئىسىمگە كەلدى ، قاندا قىلاي ئەمدى . بۇيەدە يىلان چايانغا يەم بولغاندىن ماڭاي دەپ قاراڭغۇدا سىلاپ —سىپاپ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم . كەينىمدە ھېلىقى ئاۋازلا توختىماي ئەگىشىپ كىلىۋاتاتتى ، قورقۇپ كەتكىنىمدىن يۈگرەشكە باشلىدىم ، قاراڭغۇدا نىمگەە پۇتلاشقىنىمنى

بىلمەيمەن قاتتىق يىقىلدىم ، بەك قاتتىق چۈشكەچكىمۇ بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن ئىدى ، تۇيۇقسىز قۇلۇمنى بىرنەسە قاتتىق چىشلىدى، ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتىم ، قولۇمنى قاتتىق سلكىپ ھېلقىنەرسىنى ئاجرتۇۋەتكەندىن كىيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قېچىشقا باشلىدىم . ئۇ شۇندا . دەپ سولنىك يېگىنى تۇرۋېتىپ تاتۇقنى ماگا كۆسەتتى

جەسەت بۇرگۇسى ؟! ئۆزەمنىڭ سول قۇلومدىكى تاتۇققا قارىدىم ، مىنىڭ قۇلۇمدىكى تاتۇق — بىلەن ئۇنۇڭ قۇلۇدىكى تاتۇقنى شەكلى ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى . ئەمما مىنىڭ قۇلۇمدىكى تاتۇق . ئۇنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك ئىدى

. توغرا ، جەسەت بۇرگىسى—

بو قېرى راسلا يامانكەن قولۇمدىكى تاتۇقنىڭ جەسەت بۇرگۇسى چىشلىگەن تاتۇق ئىكەنلىكىنى بىر ! قاراپ ئۇقۇۋالدى . قارىغاندا ئۇنۇڭ دىگەنلىرى يالغان ئەمەستەك تۇرۇدۇ جۇمۇ

شۇندا قىلىپ ، ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ›— مەن ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ يۇرۇپ ئاخىرى — ھېلقى ئېغىزغا كىلىۋالدىم . سرتقا چىقىشمىغىلا كۈلۈك قوم بورانغا ئۇلگۇرۇپ چىقىپتىمەن ، ئۆزەم چىققان بىلەن ئەسيادىم داۋام بىلەن ئاكامدا ئىدى . ئۇلۇرنىڭ ھاياتلىقىنى كۆگلۇم تۇيۇپ تۇرسىمۇ ئەمما ئۇلا چىقمىغان ئىدى ،تۇيۇقسىز ھېلقى ئاۋاز يەنە ئاگلىنىشقا باشلىدى مەن بار كۈچۈم بىلەن ئۆگكۈنىڭ ئېغىزىنى ئىتىشقا تىرىشتىم ، ئالاھەزەل بىرە سائەت قۇم بىلەن تىندۇرغاندىن كىيىن ئۆگكۈرنىڭ ئېغىزى تىندۇرۇلدى . مەنمۇ ئامال يوقلىقىدا ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ياخشى چارە ئەمەسلىكىنى بىلىپ قايتىشنى قارار قىلدىم ، يېنىمنى ئاختۇرۇپ بارى يوق بىر گىرنان قالغانلىقىنى بىلدىم . شۇندا . قىلىپ يىگىرمە كۈن بىرگىردىنى يەپ ئۆيۈمگە كىلىۋالدىم

ئۇسسۇزلىققچۇ ؟! يىگىرمە كۈن نىم ئىچتىڭىز ؟—

ئۆزەمنىڭ سۈيدىكىنى ! ئۇنۇڭ دىگەن گىپىدىن كۆلمۇدۇم ئەكسىچە نىمدىپ سورىغاندىمەن دەپ— باشقىچە بىئارام بولۇپ كەتتىم . چانكى مەنمۇ ئاچلىقنىڭ دەدىنى تارتقان ، كوچىلاردا ئەخلەت دۆۋىلىردىن خەقلەر تاشلىۋەتكەن نەرسلەنى تىرىپ يىگەن ۋاقلىرىممۇ بولغان . خۇددى ئۆزەمنىڭ

ئەسلىمىسىنى ئاڭلىغانىدەك دىمىم ئىچىمگە چۆشۈپ كەتتى . ھەرقانچە غورور ۋىجدان بىلەن ياشايمەن . دىگەن ئەركەكمۇ ئاچلىقنىڭ ئازابىغا چىدىمايدىكەن ، بۇ ئاچلىق ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدىكەن شۇ ۋاقىتلاردا ، يەنە گەپ باشلىدى ئۇ ،— خوتەندە ناھايىتى بىلىملىك بىر ئاسارە ئەتىقە — سودىسى قىلىدىغان بىر سى بار دەپ ئاڭلاپ ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم . ئۇ ئەللىك نەچچە ياشلاردا ،ھەقىقەتەن چىرايىدىن بىلىملىك ئادەملىكى چىقىپ تۇردىغان كەم سۆز ئادەمكەن ، مەن كېلىش مەقسىدىمنى ئۇنىڭغا ئۇدۇللا دىدىم ھەم ئەكەلگەن نەرسىلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم . ئۇ بۇ يەتتە قاچىنى سىنچىلاپ كۆرۈپ چىرايى ئۆزگەردى ۋە دەرھا ئىسلى ھالىتىدە ئوراپ سومكامغا سېلىپ ،بۇ نەرسىلەرنى دەرھا جايىغا ئاپىرۋىتىشىمنى تاپلىدى ، نىم بولغىنىنى تازا چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئاپىرۋىتىشىمغا مۇمكىن بولمايدىغانىنى دەپ بولغان ئىشلارنى بىرقۇر چۈشەندۈردۈم . ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن ماڭا چۈشەندۈرۈپ بۇ قاچىلارغا كىرورەن پادىشاھىنىڭ قاغىش سۆزلىرى ۋە قىنى قويۇلغان ، بۇ يەتتە قاچىدىكى بۇ يېزىقلار مىرەن خانلىقىدىن تېپىلغان خاتىر پۈتۈكتىكى يېزىق بىلەن ئوخشاشلىقىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ دىيىشىچە بۇ . يەتتە قاچىدىكى يېزىلغان يېزىقنى بىريەرگە يىغسا بىر ئەپسۇنىنىڭ مەزمۇنى چىقىدىكەن ئىشلا بەكلا مۇرەككەپلىشىپ كەتتىغۇ ، توختاڭ توختاڭ !مىرەن خانلىقى كىرورەن خانلىقىدىن — كىيىن پەيدا بولغان تۇرسا ،ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرورەندىن تېپىلغان ئالتۇن قاچىدىن مىرەن خانلىقىنىڭ . يېزىقى تېپىلدى دەيسىزغۇ ، ئۇنداقتا تارىخ ئاستىن ـ ئۈستۈن بوپ كەتمەمدۇ . مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم شۇ ، ئەمما بۇ راست پاكىت ، چۈشەندۈرۈش ئامالسىز بولغان پاكىت — ئۇنداقتا ئەپسۇندا نىمە يېزىلىپتۇ ؟ —

ئۇ زاتىنىڭ دىيىشىچە ، بۇ قاچىغا مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق ئادەمگە ئۆلۈم — يېقىنلاپ كىلىدىكەن ، بۇ قاچا شۇنداق بەتبۇي پۇرايدۇ ، تېنى ئاستا ئاستا چىرىپ تۈگەيدۇ . ياخشىلىقنى نىيەت قىلغان ئادەملەرگە شۇنداق خۇشبۇي پۇراق ئېلىپ كىلىدۇ ، ئۆزۈن . ئۆمۈرگە ئېرىشىدۇ دەپ يېزىلىپتۇ .

تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم ، ھېلىمۇ شەيتان ئازدۇرماپتۇ جۇمۇ نىمىشقا ھەممە سىرنى قوقماي دەۋەتتىكىن
. دىسەم ئىشكتىن كىرىشىگىلا ھەممە نىيەت ئاشكالىنىپ تۇردىكەن ئەمەسمۇ
شۇڭلاشقا بۇ ئىشلانى قوقماي دەپ بەردىڭىزمۇ . ئەجىبا بۇ قاچا راسلا شۇنچە قالتىسمۇ ؟ —
شۇنداق ، سەندىن بۇرۇن نۇرغۇن ‹ئالىم ئۆلىمالار› كىرىپ بۇرنىنى ئىتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ
چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئىككەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈەتتۇق . › ـ بۇگۈن بۇ ئىشلانى ساڭا
. دەۋېلىپ ئىچىم بوشاپ قالدى بالام
. سىزگىمۇ رەخمەت ! جىق ئىشلارنى بىلدۇرۇپ قويدىڭىز ، مىنىڭمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى —
!ئەمدى نىمىشقا بۇ نەرسلەرنى ساتمىغىنمنى بىلگەنسەن بالام ؟ —
چۈشەندىم بوۋا، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي ، بويىل نەچچىگە كىردىلە ؟ —
. ئىشەنمەيۋاتسەن ھە ؟ چاقچاق قىلىپ سورىدى ئۇ —
. ياق ياق ! بىلگۈم كەلدى شۇ —
بىر يۈز ئوتتۇزدىن ئاشتىمغۇ دەيمەن ، مەنمۇ ئاران بوپ قالدىم . ھېلىھەم ئاكامنىڭ ھاياتلىقىنى
. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇردۇ
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدۇم ،— سىزمۇ بۇنچە ئۇزۇن ياشىغان ئىكەنسىز ئاكىڭىزمۇ ياشا
!ئەمدى ،
ھاھاھا سىنىزە ! راست قىزىقكەنسەن ، ياش ۋاقتىمنىڭ ئۆزىكەنسەن ، بىگىز قولىنى ماڭا سىيىپ
". چاقچاق قىلدى ئۇ
ماقۇل بوۋا مەن قايتاي ئەمدى ! ۋاقتىمۇ بىرىيەرگە باردى مانا . بولسا كىيىن سىزنى يوقلاپ —
. كىلىمەن
. ساڭا چايمۇ قۇيماپتىمەن بالام ، ئازراق ئولتۇرغىن چاي قۇيۋالاي —
! رەخمەت بوۋا ، سىز ماڭا ئەمەس مەن سىزگە چاي قۇيىمەن ، كۆرىشكىچەئامان بۇلۇڭ —

. ماقۇل ، سەنمۇ ئۆزەڭنى ئاسرا ، كەپ تۇراسەن —

ئۇنۇڭ بىلەن خوشلۇشۇپ سىرتقاچىقتىم ، كۆڭلۈم بىرىيەگە قايرىلىپتۇ .چۈشتىن كىيىنلىك ھاۋا ئادەمگە شۇندا خوشاقاتتى ، تۇرۇپلا بېشىمنىڭ ئاغرىغى توختاپ ، كاللامنىڭ شۇندا يىنىكلەپ قالغاندەك ، راھەت ھېس قىلۋاتاتتىم ، ئەجىبا ھېلىق ئەپسۇن راست ئوخشىمامدۇ . نىم بولسا بولمامدۇ ئاۋال قۇرسۇقۇمنى توقلاپ ياتاققا قايتاي . شۇ خىياللار بىلەن بىردەمدىلا ھېلىقى بازارغا كىلىپ قاپتىمەن ، يولدىن ئۆتكەچ ھېلىقى قىتىقچى يايمىسىنى يىغىۋىتىپ ماڭا شۇندا تىكىلىپ قاراۋاتقىنىنى سىزىپ قالدىم ، كۆرۈشمەي كەتتىڭ دەپ قالمىسۇن،ۇلۇمنى ئۇنۇڭغا قارتىپ پۇلاڭلاتتىم ، ئەمما ئۇ چىرايىنى تۇرۇپ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى ۋە قىشنى كەينى تەرەپكە قارتىپ يىنىك ئېتىپ قويدى . تووۋا بۇ نىم قىلۋاتىدۇ ئەمدى ، توختا كەينىمگە ساقچى چۈشمىگەندۇ ، شۇ خىيالنى قىلغاچ كۆزۈمنىڭ قويرىقىدا كەينىمگە قارىدىم شۇ دەقىقە يۈرۈكۈم قارت قىپ كالدى ،ھەقىقەتەن كەينىمگە ئۈچ تۆت ئادەم چۈشكەن ، دەرھال ياندىكى دوقمۇشقا ئەگىلگەش ئۇلارغا يەنە بىر قارىدىم ، ئىككى ياقتىكىسى كاستىيوم كىيگەن ئەر ، ئوتتۇردا پادىچىلار ئىشتىنى خۇرۇم چاپان كىيۋالغان ئايال ،ئوڭ تەرەپتىكى ئەر قولىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە سالغىنىنى كۆرۈپ قالدىم ،.......ئىش چاتاق ! شۇندا دىگىنىمچە ئاقا ئالدىمغا قارىماي قۇيۇندە يۈگرەپ قېچىشقا باشلىدىم ، ئايالنىڭ تۇتۇڭلا دىگەن . ئاۋازى بىلەن تەڭلا ھېلىقى ئىككىسى مىنى قوغلاشقا باشلىدى

ئۇلار پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ئوخشىمامدۇ . قارىغاندا پىيىمگە چۈشكىلى خېلى ئۇزاق بولغان ئوخشايدۇ . شۇ خىيال بىلەن يۈگرەپ كىتىۋىتىپ يولدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقان باققالچىنىڭ ھارۋىسىغا قاتتىق سوقۇلدۇم ، ئالما نەشپۈتلە يەرنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى . يوتام ھارۋىنىڭ گىرۋىكىگە قاتتىق تىگەپ كەتكەچكىمۇ ئورنۇمدىن بەك تەستە تۇردۇم ، قارسام ئۇلارمۇ قوغلاپ كىلىۋىتىپتۇ . پۈتۈمنىڭ ئاغرىغىنىغا قارىماي ئاسقاپ دىگەندەك قېچىشقا باشلىدىم ، تەلىيىمگە ئادەم جىق ئاۋات كوچىغا چىقىپ قالدىم ، قىستاڭچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان كىچىك كوچىغا كىرۋالدىم ، بۇيەدىمۇ بازا بولىدىغىنىنى بىلمەپتىمەن دىسە ، ئالدىمدا كىچىك بىر بالا يولنىڭ ياقىسىغ ئۇستەلدىن

بىرنى قويۇپ تاۋۇز پىچىپ سىتىۋېتىپتىكەن ، دەرھال يېنىمدىن يۈز كويلۇقتىن بىرنى چىقىرىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ ،— ئەسكىلە مېنى قويلاۋاتىدۇ ئۇكام ، ئۇستەلنىڭ ئاستىغا يوشۇرنۇۋالاي ، ئۇلار كەلسە مېنى ئۇتتۇپ كەتتى دەپ قويامسەن .

ھېلىقى كىچىك بالا ماقۇل دىگىنچە ئۇستەلنىڭ ئاستىنى يېپىپ قويغان رەنى قايرىپ بەدى ، \ ئۇستەلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆڭلۈم ئازراق ئىزىغا چۈشتى ، تەخمىنەن ئىككى ئۈچ مىنۇتلاردىن كىيىن ھېلىقى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

بۇ يەردىن قارا چاپان كىيگەن يىگىرمە نەچچە ياشلىق بىرسى ئۆتتىمۇ ئۇكام ؟ —

. ئۆتتى نەچچە مىنۇت بۇرۇن ئاياق تەرەپكە يۈگرەپ ئۆتۈپ كەتتىغۇ —

قوغلاڭلا دىگەن گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشى يىراقلاشتى . ھەقلىڭغا بارىكاللا ئىنىم دەپ ئۇستەل ئاستىدىن چىقىپ بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرشىمگە دۇمبەمگە زاق قىلىپ بىنەسە سانجىلدى ، نىم بولغىنىنى بىلەلمەي كەينىمگە شۇنداق بۇرلۇشۇمغا دۇمبەمدىن كىرگەن تۇك پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن چوققامغىچە چىدىغۇسىز ئاغرىققا سەۋەتتى ،قاتتىق يەرگە قانداق چۈشكىنىمنى بىلمەيمەن پۇتۇن بەدىنىم ئۆزۈمگە بويسۇنماي تىترەۋاتاتتى ، مەن بۇ ئاغرىقنى تۇرمىدىكى ۋاقتىمدا جىق تېتىغان ، بۇ ئاغرىقنىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەم تۇغۇلغىنىغا بىر قېتىم ئەمەس تالاي قېتىم پۇشايمان قىلۇېتىدۇ . چىدىغۇسىز ئاغرىق ئاغزىمدىن كۆپۈك چىقىرۋەتتى ، ھېچيەرىم ئۆزۈمگە بويسۇنمىغان ، ھەتتا كۆزۈمنىمۇ يۇمالمايتتىم ، ھېلىقى ئايال يېنىمغا كىلىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا ، — كەچۈرگىن ئەلى ! ئادەملىرىم سەل قائىدە ئۇقمايدۇ . دەپ كۈلۈپ قويۇپ ئۇلاغا بويرۇق چۈشۈردى !! ،— ئېلىپ ماڭامسىلە

ئادەملىرىم دىدىمۇ ، خاتا ئەمەس شۇندا دىدى. ئۇلار ساقچى ئەمەسكەن . ئۇلار ئىككىسى ئىككى قولتۇقۇمدىن سۆرەشتۈرۈپ ماڭدى . قارسام ئايال ھېلىقى بالىغا نەچچە ۋاراق يۈز سوملۇق بېرۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم ، .ۋۇ ئادەم ئەمەس ھارامىلىق . ئاناڭ سېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇققۇچە ئوبۇرنىغا كىرىپ چىقىرۋەتسە بوماسدۇ !! گەپ قىلالمىغاچقا ئىچىمدە بولسىمۇ تىللاپ ئۆلگۈردۇم ، خەپ ھارامىلىق

. بۇلادىن قۇتۇلۇپلا قالسام ئاناڭنى كۆزىڭگە كۆرستىمەن

ئۇلا مېنى سۆرەشتۈرۈپ يول ياقىسىدىكى بىر ماشىنىنىڭ ئىچىگە پىقىرتىپلا ئاتماسمۇ ، كۆزۈمدىن يۇلتۇزلا ئۇچۇشقا باشلاپ كەتتى ، ئاغرىق ئۈستىگە ئاغرىق قوشۇلۇپ بارغانسىرى ھالسىزلىنىپ كۆزۈم . يۇمۇلۇپ بىريانغا ئاستا سىرىلدىم

باب ـ 4

كېپەن ئوغرىسى

مۇزدەك بىرچېلەك سۇ بېشىمغا قۇيۇلۇشى بىلەن چۆچۈپ ئۇشۇمغا كەلدىم ، كۆزىمنى ئۇۋۇلاي دەپ قولۇمنى كۆتىرەي دىدىم قۇلۇمنىڭ باغلاقلىقىنى پۇتۇمنىڭمۇ ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇلغانلىقىنى سەزدىم ، كۈچلۈك چىراق نۇرىدىن كۆزىمنىمۇ ئاچالماي قالدىم . ئاچچىقىمدا زەردى بىلەن ۋارقىردىم ،— ئاناڭنى ! گېپىڭ بولسا ئۇچۇق قىلشمامسەن ، ئادەم قىيناشتىن باشقا ئىشىڭ يوقما ؟

ياخشى ! گەپنى ئۇچۇق قىلشمىزمۇ ؟ ، ھېلىقى خوتۇنۇڭ گېپى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ —

. كاستۇيۇم كىيگەن مىنىگدىن ئىككى چىققىدەك ، تەمبەللىك بىرسى چىراقنى باشقا ياققا قارىتىۋالدى ئەتراپقا قارىدىم ، تۆت ئەتراپىم كۆپكۆك سىمونت تامدىن باشقا نەرسە يوق تارلا ھەم پاكار ئۆي . يۈرۈكۈم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى ، ئۇچىسىدا ساقچى فورمىسى بولسىكەن كاشكى يۈرۈكۈم سەل جايىغا چۈشەتتى ، بىراق ماۋۇ بىرووۇنىۋېكتەك ئاداشىنىڭ ئەلپازىدىن كاللامغا جاننى ئالدىغان . قىيىن ـ قىستاقلا كىلىۋاتاتتى

سەن ئۇچۇق گەپ قىلىشنى دىگەنتىڭ شۇنداققۇ ؟ ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىدىم — ، بايامقى كۈچلۈك چىراق نۇرى كۆزۈمنى چېقىۋەتكەچكىمۇ كۆرەلمىدىم ، ئاستا ـ ئاستائەسلىمگە كىلىپ قايتا سىنجىلاپ قاردىم ، ئالدىمدا پىگورى ئالامەت قاملاشقان ، خۇرۇم چاپان كىيۋالغان بىر . ـ قىز ماڭا ھومۇيۇپ قاراپ تۇراتتى

شۇنداق ، مەن دىدىم ، سىلەر كىم بولسىلەر ؟ نىمگە مېنى تۇتىسىلەر —

ئاۋال قىزلادىن كىلدۇ ! ئۇ شۇندا دەپ قولى بىلەن كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك —
. ئىگىكىمنى نۇقۇپ قويدى
مەيلى ، سۆزلە !ساڭا ئۆتىنەي ! ، ھىچنىمىدىن قورقۇپ كەتمىگەندەك تەمكىن سۆزلىسەمۇ —
. ، ھازىرقى قورقۇشۇمنى بىر خۇدادىن بىلەك ھىچكىم بىلمەيتتى
. ئاياللاغا بۇندا قوپال مۇئامىلە قىلىشىگنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن —
سەن ماڭا نىمە قىغانغا ياخشى مۇئامىلە قىلمەن ؟! ھىچ ئىشتىن ھىچ ئىش يوق تۇتۇپ —
كىلىپ قىينىغىنىگغىما؟
ھىچ ئىشتىن ھىچ ئىش يوق دەمسەن ؟! ھاھاھا .... مەسخىرە ئارلاش كۇلۇپ كەتتى ۋە
يىنىمدىكى ھىلىقى بىرۋۇنۇۋېككە بوشتىۋېتىگلا دىدى
ئۇ يۇت قۇلۇمدىكى ئارغامچىنى كىستىۋېتىپ كەينى تەرىپىدىمكى كىچىك ئىشكىنى ئۇدۇلىغا
. بىرىپ تۇرۋالدى ، قارىغاندا يۇت قۇلۇم بوشىغان بىلەن بۇلاردىن بوشالمىغۇدەكمەن
ئەلى ! يۇقىرى ئاۋازدا چاقىردى ھىلىقى قىز ، — ئەسلى سىنىڭ ئىشىگغا ئارلاشقۇمىز يوق —
. ئىدى ئەمما سىنىڭ بىزگە لازىملىك بوپ قالدى
!لازىمىم بولسا ياردەمنى مۇشۇندا سورامدۇ ؟ —
بىزگىمۇ شۇندا قىلماي ئامال يوق ، بوينۇڭغا مۇشۇندا سىرتماق سالمىساق بىزگە ياردەم —
! . قىلمايدىغانلىك ئېنىق
ياردەم قىلمايدىغىنىمنى سەن قاندا بىلسەن ؟ —
چۈنكى بىز سىنىڭ قانداقلىقىگنى بىلمىز ، بىزلا ئەمەس ئاسارا— ئەتىقە بىلەن —
شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق ئادەم سىنىڭ قانداقلىقىگنى بىلىدۇ . سەن يانچۇقۇڭدىكى پۇلنىك قانداق
. كىرگىننى بىلمىسەڭ تاشلىۋېتىشكە رازىكى ھەرگىز خەجلىمەيدىغان ئادەمسەن
. ئەمسە نىمىشقا لازىملىقىمنىك سەۋەبىنى دىيىشسەڭ بولمامدۇ —
دىسەم تىخىمۇ يارده قىلمايسەن . شۇڭلاشقا سىنى تۇتۇپ كىلىشكە مەجبۇرمەن . بىزنىك —

ئاپتونۇم رايونلۇق قەدىمى يادىكارلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورۇننىڭ باشلىقى ئالىمنى سەنمۇ تونۇيسەنغۇ دەيمەن ؟

ئو ... ھېلىقى جىگىنى ئۆزى ئىپ قىلىپ ساختىسىنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ مۇكات ئالدىغان—!قىزىل كۆزما ؟

قاس قىلغان ئاۋاز بىلەن ئاغزىمدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ، ئورۇندۇقتى نەچچە مولاق ئېتىپ تامغا تىرلىپ تونتاپ قالدىم ، ھېلىقى رەسۋا ئىگىز پاشنىلىق ئايىقى بىلەن تۇمشۇقۇمغىلا . تەپكەن ئىكەن

ئاناڭنى بۇزۇق ، قىز بالا دەپ ئىزىتىڭنى قىسلسام بىلمەيسىنا ! ، زەردە بىلەن ئورنۇمدىن — تۇردۇم ، تۇرۇشۇمغىلا ھېلىقى بىرۋۇنۇڭنىك ئىشىك تۇۋىدىن كىلىپ بىر قوللاپ كىكىردىكىمدىن تۇتۇپ تامغا تىرەپ بىر كۆتەرمەسمۇ ، نەپسەس ئالالماي كۆزلىرىم پولتۇيۇپ چىقىپ كەتتى ، قانچىلىك تىپىرلىساممۇ پايدى بولمىغاندەك قىلاتتى ، شۇ دەقىقە بىر ئىسمىگە كەلگەندە ھېلىقىنى جان يېرىگە بىرنى تەپتىم ، ھېلىقى دارازا ۋارقىرغىنچە ئىككى قولى بىلەن چاتىرقىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى ، كىكىردىكىم بوشاپ خۇددى سۇدا تۇنجۇقۇپ چىققان ئادەمدەك ھاۋانى تويماي ئىچىمگە تارتتىم ، ئازراق ئىسىمگە كەلگەندەك بولدۇمدە جان ئاچچىقىمدا تۇمشۇقىغا كىلىشتۇرۇپ بىرنى ساپتىمەن ، قاتتىق ئاچچىقى كەلدى بولغاي ئورنىدىن تۇراي دىيىشىگە يەنە بىرنى سالماقچى بولۇپ قولۇمنى كۆتۈرشىمگە ‹پاڭ› قىلغان ئاۋاز بىلان ئىككىمىز ئورنىمىزدا قېتىپلا قالدۇق . ھېلىقى خوتۇن تاپانچىنى تورۇسقا قارتىپ تۇراتتى ، تاپانچىنىڭ ئۇچىدىن سۇز ئىس چىقىپ . تۇراتتى، تاپانچىنى ئاستا ماڭا قاراتتتى

قېنى قۇلۇڭدىن كەلگىننى قىمامسەن ! زەردە بىلەن گەپ قىلدى ئۇ . ھېلىقى — بىرۋۇنۇۋېكمۇ مىنىڭ جىمىققىنى كۆرۈپ قورسۇقۇمغا بىرنى مۇشلىدىدە ياقامدىن سۆرەپ ئورۇندۇقتا . ئوتقۇزدى

يا بىرگە ياردەم قىلسەن ، يا بولمىسا ئۆزەڭ بىلەن تەڭ ھېلىقى قېرنى يەنە يەنە —

ئۇنىمۇ قەبرەڭگە تەڭ ئېلىپ كىرىپ كىتىسەن ، ئۇ شۇندا دەپ تامنىڭ بۇلىكىنى كۆسەتتى ، تامنىڭ بۇلىكى قاراڭغۇ بولغاچقا تازا ئېنىق كۆرەلمىگەن ئىدىم ، بايا ھۇشۇمغا كەلگەندە تازا دىققەت قىلماپتىمەن . ئۇ شۇندا دەپ تامنىڭ بۇلىكىغا بىرىپ بېشىغا خالتا كەيدۈرگەن بىرىنى تارتىپ ئالدىمغا ئەپ كەلدى ۋە بېشىدىكى خالتىنى ئېۋەتتى . ئۇنىڭ چىرايىنى ككرۈپ يا بوشال بۇلۇشۇمنى يا خاپا بۇلۇشۇمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم

.... ما تيەن —

ئەلى ! ئۇمۇ ھەيرانلىق بىلەن كۆزنى ئۇزمەي قارايتتى ›— ئۇلا كىملە ئەلى ؟ —

ما تيەن مىنىڭ قيامەتلىك قېرىندىشىم دىسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ . ئۇلار نىمە سەۋەپتىن ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىلدۇ ؟ ئاچچىقىمدا ھىلىقى خۇتۇنغا قاراپ ۋارقىردىم ،— نىمە قىلساڭ مىنى قىل . ، ئۇلانى ئارلاشتۇرما

!ماقۇل ، ئۇنداقتا بىزگە ياردەم قىلسەن ، بولمىسا قاندا بولدىغىننى بىلگەنسەن ؟ —

! ماقۇل ، نىمگە ياردەم قىلمەن دە ... ئۇلانى قويۋەت —

مەن ئۇنى نۇرغۇن يول مېڭىپ ئاران دىگەندە تۇرمىدىن ئېچىقىپ قويۇپ بەرسەم زىيان — تارتىپ قالامدىم ، ئاۋال گىپىمنى ئاڭلا . بايام دىدىم ، باشلىقمىز ئالتۇ قۇملۇقتا يۇقاپ كەتتى . . ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا ياردەم بەرمىسەڭ بولمايدۇ

قۇملۇقتا نىم باركەن ئۇ ساختىپەزگە ؟! ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك تۇرامدىم ؟! ئۇ — هوقوقىدىن پايدىلىنىپ قانچىلىك ئاسارە ئەتىقىلەرنى بېشقىتۇرۋەتكىننى سەن بىلەمسەن ؟

ئۇنۇڭ بىلەن مىنىڭ كارىم يوق ، ئەممامىنىڭ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇنى قۇتقۇزۇش . ئىككى — ھەپتە بۇرۇن ئۇ قۇملۇقتىكى يېڭى بايقالغان قىدىمى خارابىلىكنى تەكشۇرگىلى ئىككى گۇرپا ئادەمنى باشلاپ قۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ، جەمى ئونسەككىز ئادەم . ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ بويرىقى بويىچە ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالسا دەرھا قۇتقۇزۇش ئەترىتى ئەۋەتىشنى ئېيتقان . بىزنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىز تەييا بولۇپ بولغىلى ئىككى كۈن بولدى ، ئەمما

يول باشلىغۇچىمىز يوق . ئۇ شۇندا دىگەۋ ماڭا قاراپ قېشىنى ئېتىپ قويىدى . ئۇ سەن يول باشلاپ . ماڭسەن دىگەن مەننى بىلدۇرەتتى

ئۆزەمنى توختىتالماي كۇلۇۋەتتىم ، ـ مەن يولباشلامدىم ؟! ھاھاھا ... ئالجىپسىلە .

مەن قۇملۇقتا بىر قېتىممۇ كىرىپ باققان ئەمەس . ھەم نەگە قانداق باردىغىننىمۇ بىلمىسەم كىم باشلاپ ماڭىدۇ ؟ مۇنۇ ئادەم ئۇسۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇقا تەلەت ئادىمگىلەرمۇ ؟!
... ھاھاھا

ئۇلار گەپ سۆز قىلماي خۇددى مىنى يەۋېتىدىغاندە ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن كۆڭلۈم سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىم ئىسىمگە كەلدى . گەپ سۆز . قىلماي ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇردۇم

سەن باشلىيالايسەن ! بايا دىدىمغۇ بىز سىنىڭ قانداق ئادەملىكىڭنى بىلمىز دەپ ! ئۇ —
.شۇندا دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كىچىك سومكىدىن بىر تۇتام ۋاراقنى ئېلىپ ئالدىمغا ئاتتى
نىمە بۇ ؟ خەرىتىما ؟ —
. كۆرۈپ باق ، سىنىڭ ماترىياللىڭ —

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاراقنى قولۇمغا ئېلىپ تەپسىلى كۆرۈۋشكە باشلىدىم . دەرۋەقە مىنىڭ ماترىيالىمكەن ، مىنىڭ قاچان ، نەدە قايسا قابرىگە كىرگىنىم ، نىمە ئېچقىپ كىمگە ئۆتكەزگىنىمدىن .... تارتىپ ھەممىسى يېزىلغان ئىدى
.................... ئەجبا ئۇلار

ئەجبا بۇلار ساقچىمىدۇ ، قارىغاندا پىيىمغا چۈشكىلى خېلى ئۇزۇن بولغان ئوخشايدۇ ، مىنى ئۆلتۈرمىگەن بىلەن بۇ نەچچە ۋاراق ساقچىلانىڭ قولىغا چۈشسە ....ئاخىرنى ئويلاشتىن قورقۇپ . كەتتىم

قانداق ؟! ، ـ ھېلىقى خۇتۇن زەھەرخەندىلىك بىلەن كۇلگەچ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى، ـ

ئىدىيەڭدىن ئۆتمەيۋاتقان ئوخشىمامدۇ .؟ ياكى مەن ئۆتكۈزۈپ قويايمۇ ؟

سەن ساقچى ئوخشىمامسەن ؟ —

. ياق ، ئەمما خىزمىتىم ئوخشىشىپ قالدۇ —

. مەن ئويلۇشۇپ باقاي . ۋاقىت بېرىڭلا —

ماقۇل ساڭا بىر ئاخشام ۋاقىت بېرەي ، ئەتە ئەتىگەن يا يولغا چىقىمىز يا سېنى ۋە —

ماۋۇ تۆگىگان دوستۆڭنى يولغا سالىمىز . ئۇ شۇندا دىگىنچە تاپانچىنىڭ ئۇچى بىلەن پىشانەمگە

. نۇقۇپ قويدى

ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلا ، ئەمىز پاشنىلىق ئايىقىنى ياقىلدىتىپ چىقىپ كەتكەچ ھىلىقى —

بىرووۋنۇۋېكقا تاپىلدى . ئۇمۇ چىقىپ كىرتىپ ئىشكىنى چىڭ ياپتى ، سىرتتىن ئىشكىنىڭ سولانغان

ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەمدى قاراڭغۇ ، زەي ئۆيدە مەن بىلەن ما تىيەنلا قالغان ئىدى . ئىككىمىز

قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق ، ئىككىمىز قاندا كىلىپ قالغىنى توغۇرلۇق بىربىرىزدىن ھەيرانلىق بىلەن

. سوراشتۇق

سەن چىقىپ كەتكەندىن كىيىن تۆرمىدە بەك زىرىكىپ كەتتىم ئاداش، يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك —

ئۇرۇش جىدەل بىلەنلا ئۆتتى دىگىنە . بىر كۈنى ساقچى كىلىپ سىنى بىرسى كىپىللىككە ئىچقىدىغان

بولدى دەپ مىنى چىقىرۋەتتى . مەنمۇ ھەيران قالدىم . يەە ئون ئىككى يىل با تۈرساڭلىلى نىملا

بولمىسۇن چىقىپ كىتىدىغان بولدۇم دەپ خوش بوپ كىتىپتىمەن كىم بىلسۇن تۆرمە دەرۋازىسىدىن

چىقىشىمغىلا سىنى ئۇرغا ھىلىقى دارازا بىلەن نەچچىسى مىنىڭ بېشىمغا خالتا كىيگۈزۈپ مۇشۇ يەرگە

ئەكەلدى . مەنمۇ سىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، . سەنچۇ ؟ نىمە ئىش تېرىپ يۈردىڭ . ؟ نىمىشقا

. بىزنى تۇتىدۇ ؟! ئۇ ھەيرانلىق بىلەن توختىماي سورايتتى

ئۇنىڭ كۆزىگە قارسام بۇ ئىشلانى مەندىن كۆرگەندەك قىلاتتى . ئۇنىڭغا يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا

گەپ قىلدىم . ›— دوستۇم ، مەنمۇ بىلمەيمەن سەنمۇ ككدۇك مەنمۇ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەم

! ، قارىغاندا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەمدەك قىلمايدۇ

ئۇمۇ شۇندا دىگىنچە بېشىنى لىڭشىتتى. ئىككىمىز خېلى بىر ۋاقىتلاغىچە مۇڭدىشىپ ئۇنىڭقاچانلادا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەي قاپتىمەن ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاردىم ، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك خورەكنى بولىشىغا تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى ، چىرايىمۇ خۇيىمۇ ئازىراقمۇ ئۆزگەرمەپتۇ . تۇرۇپ ئۇنۇڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى ، مەن سەۋەپلىك ئۇنۇڭغا بىر ئىش بوپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيىتتىم ، چۈنكى ئۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ يېقىن ئادىمەم دىسەم بۇلىدۇ .

ئىسمىنى بىلسەم يىتىم باللارنى بېقىۋالدىغان پاراۋانلىق ئورنىدا تۇردىكەنمەن ، ھەممە مېنى ئەلى دەپلا چاقىراتتى ، مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيتتىم ، پاراۋانلىق ئورنىدىكى باشقۇرغۇچىلار بىلمەمدۇ ياكى ياكى بىلسىمۇ بىلمەسكە سالامدۇ . ئاتا ئانامنى سورىسام بىلمەيمىز دىگەن جاۋاپتىن باشقا جاۋاپقا ئېرىشمەيتتىم .

مەنمۇ بۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ئىدىم . ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ بىرلا غېمىم بار ئىدى ئۇ بولسىمۇ تاماقنى تويغىچە يېسەم سەيتتىم ، ئالتە يەتتە ياش ۋاقىتلىرىمغۇ دەيمەن ، ئۆرۈمچىلىك بىر ئايال مېنى بېقىۋالماقچى بۇلۇپ دارىلتامىدىن مېنى ئېلىپ كەتتى ، ئۇ چاغدا مەن خوشلۇقۇمدىن بىرقىۋالغان ئاپام نىمە دىسە ھە دەپ بويرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ يۈرەتتىم ، چۈنكى مېنىڭمۇ ئائىلەم بولدى دەپ ئويلايتتىم . ئەمما ئىش ئويلىغىنىمدەك چىقىپ قالدى . ئەسلى ئۇ ئوغرى باللارنى تەربىلەپ ئوغۇرلۇققا سالدىغان خوتۇنكەن ئەمەسمۇ ، نەچچە كۈن يىگەن ئىچكەندەك بولدۇم ئوينىغانمۇ بولدۇم شەھەرنىڭ مەنزىرلىك قايلىرىغا ئاپارغانمۇ بولدى .

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە تاتلىق ئۇيلاۋاتسام قاتتىق تەككەن تەستەك بىلەن چۆچۈپ ئويغاندىم ، قارسام ھېلقى رەسۋا ئالدىمدا ھومۇيۇپ قارايتتى ، نىمە ئىشنى خاتا قىلغىنىمنى بىلەلمەي تەستەكتىن ئېچىشقان يۈزۈمنى سلاپ قاراپ تۇراتتىم .

نىمە ؟ كۈندە مۇشۇنداق ئويناپ ياشايدىغان ئىشكەن دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن — ؟!

دەپ قۇلۇقىمدىن سوزۇپ ئېلىپ ماڭدى . ۋە ياندىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى ، ئالدىمدا مەن

. ياشتىكى ئۈچ تۆت بالا رەتكە تىزلىپ تۇرۇشۇپتۇ

كۆدىكىمۇ ؟ بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئاكىلىرىڭنىڭ كەينىدىن مېڭىپ قاندا پۇل تاپىدىغانلىقىنى —

. ئۆگىنىسەن ؟ بېشىمغا نۇقۇپ سۆزلەپ كەتتى

. قانداق پۇل تاپىمىز ؟—

قاندا پۇل تاپاتتىڭ خەقنىڭ يانچۇقىنى كونچىلاپ تاپامسەن . بۇ يېشىڭدا سەن شۇمنى —

. يەنە نىم ئىشقا سالغىلى بولاتتى ، ھېلىقى خوتۇن ماڭا تۆكۈرگىنى چېچىرتىپ سۆزلەۋاتاتتى

قىلمايمەن ، ئۆزەڭ بېرىپ كونچىلا . جاھىل مجەز تۇغۇلشىمدىن سىكىپ —

. كەتكەچكىمۇ قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ قىلمايدىغان ئىدىم

قىلمايمەن دىدىڭما ؟! شۇنداق دىگىنچە ياندا تۇرغان چۈۋقىنى ئېلىپ يوتامغا بىرنى —

سالماسمۇ ، ئاغرىققا چىدىماي كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكىلىپ كەتتى ،— سەن ھاراملىقنى

بىرتوپ پوق قۇرسانىڭ ئارىسىدىن ئەپ كىلىپ ، يىمىگەننى يىگۈزۈپ ، كەيمىگەننى كىيدۈرۈپ

ئويناتسام ئەمدى ماڭا يانغۇدەك بولدۇڭما ، سەن پۇل تاپمىساڭ ئاناڭنىڭ ئەپ كىلەمتى پۇلنى

" . ھە؟!!! ۋۇ ھارامدىن بولغان !!! ئۇ شۇنداق دىگەچ بەدىنىمگە نەچچىنى سەۋەتتى

ئۇنىڭ ئۇرغان تايىقىدىن گىپى بەك ئېغىر كىلىپ ئاچچىقىمنى باسالماي ياندىكى ئۈچ پۇتلۇق

ئورۇندۇقنى ئېلىپ كۆچەپ بىرنى شلتىدىم ، تاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ قان ئېقىۋاتقان بېشىنى

. تۇتۇپ كەينىگە سەنتۈرلۈپ يىقىلدى

ئۆلدىما ، ـ ھېلىقى باللاردىن بىرسى ھەيرانلىقتا ماڭا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى ،— ئۇنى

. ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن ، قاچ بولمىسا سېنى ساقچىلا بوش قويۇۋەتمەيدۇ

شۇنداق دىيىشكىلا دەرھال ئۆزەمنى ئىشىككە ئاتتىم ، چوڭ شەھەردە نەگىمۇ قاچاي ، پەقەت

ئالدىمغا قاراپ يۈگەشنىلا بىلەتتىم ، بىر چاغدا بولالماي توختاپ كەينىمگە قارىدىم ، ھېچكىم

يوق ..!!! ئۇۋ دەپ يولنىڭ گىرۋىكىدىلا ئولتۇردۇم ، ئەس يادىم ھېلىقى خوتۇننى ئۆلگەنمىدۇ دىگەن

بىرلا ئىشتا ئىدى . ئەتراپقا قارىدىم ، ئىگىز بىنا توختىماي ئۆتىۋاتقان ماشىنلا !! نەگە بېرىشىمنى

،كىمنى ئىزدىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم ، گەرچە ئەركىنلىككە چىقساممۇ يىتىملىك تۇرمۇشۇمنىڭ ئەمدى

'. باشلانغىننى ، جاپانىڭ ئەمدى يىتىپ كەلگىننى بىلمىگەن ئىدىم

ئون بىر يىل ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ ، قەيە كەچ بولسا شۇ يەردە يىتىپ ، قوساق ئاچسا خەقتىن تىلەپ ، خەقتىن چىقمىسا يەردىن تىلەپ ،بەزىدە توق بەزىدە ئاچ ئۆتكەزدىم ، بەزىدە تورخانىلاردا تۈنەيتتىم ، ئىشقىلىپ ئادەم بالىسى كۆرمىگەن كۈننىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم دىسەم بۇلدۇ. ئەمما ئۆزەمنىڭ بىر ئىشىدىن پەخىرلىنەتتىم ، ئۇ بولسىمۇ ئوغۇرلۇق قىلمايتتىم ، مەيلى قانچىلىك ئاچ قالاي خەقنىڭ نەرسىسگە كۆز قىرىمنى سالمايتتىم .

ئەمما ئون سەككىزگە كىرگەن كۈنۈمدە قىلغان بىر خاتا ئىشىم پۈتكۈل تەغدىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى . مەن ھىچ ئاتا ئانامنى ھىچۈغۇلغان ۋاقتىمنى بىلمىگەچكە بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈننى ئۆزەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بىكىتىۋالغان ئىدىم . شۇ كۈنىئاماق يىمگىلى ساق ئىككى كۈن بولغان ئىدى ، قوساق ئاچلىقتا كوچا ئايلىنىپ يۈرۈشتىن باشقا ئىش كاللامغا كەلمىدى ، ئاچلىقنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كوچىنى مەقسەتسىزلا ئايلاندىم . ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر تورتاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىم ، دەرىزىدىن ئىچىگە قارىدىم . ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئۆيىدىكىلىرى بىلەن تورت كىسىپ ياۋاتقان كۆرىنىشنى كۆرۈپ ئىچىم ئاچچىق بولدى ، ‹ نىمە قىلغىنىمغا بۇ كۈنلەرنى كۆرىمەن › دىدىم ئىچىمدە ،. مەيلى نىم كۆسەم كۆرەي پۇل تىپىپ مەنمۇ مۇشۇلادەك خەجلىمىسەم ھىساپ ئەمەس ،قانداق قىلىش كىرەك ، خىزمەت تىپى ئالمىسا مىنى ، يا خەق باكاغا پۇل بەمىسە !.....توغرا ئوغۇرلۇق قىلاي .

تۈنجى قېتىم ۋىجدانىمغا مۇخالىپ ئىشقا ئاتلاندىم ....قاندا باشلاشنى بىلمەي كوچا ئايلىنىشنى باشلىدىم ، تۆيۈقسىز كۆزۈم ئالدىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۆينىڭ دەرىزىسىگە چۈشتى ، بىرىنچى قەۋەتنىڭ دەرىزىسى ئۈچۈق بولۇپ دەرۋازىمۇ قىيا ئۈچۈق ئىدى ، توختا ..! بەلكىم ئۇلا سىرتقا چىققاندا دەرىزىنى ئەتمەي قالسائىشىم پۈتتى دىگەن گەپ . شۇ خىيال بىلەن يولنىڭ چىتىدە ساقلاپ ئولتۇردۇم ، تەخمىنەن يىرىم سائەتلەردىن كىيىن بىر ئايال ئىشكنى ئىچىپ چىقتى ۋە يولنىڭ

چىتىدىكى ماشىننى ھەيدەپ كىتىپ قالدى .ئەنە ئىش پۈتتى ،دەرىزىنى ئەتمىدى . ئەتراپقا قارىدىم ھىچ ئادەمنىڭ تايىنى يوق ، ئاستا دەرىزىنىڭ ئارقىسىغا كىلىپ ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدىم ، ھىچكىم . يوق ، ئىش پۈتتى دەپلا دەرىزىدىن چاققانلىق بىلەن ئارتىلىپ چۈشتۈم

پاھوي ما ئۆينىڭ ئىسسىلىكىنى ، قاندا ئادەم ئولتۇردىغاندۇ بۇندا ئۆيلەدە ؟

ئۆينىڭ ئىچى ئالامەت بىزەلگەن ، ھەر ئىسىل كىرىسلو ئاستا مىڭىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم \ ، بىرىنچى قەۋەتتىن ھىچنىمە تاپالماي ئىككىنچى قەۋەتكەن چىقتىم . ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىنىڭ قارشى تەرپىدە ئاشخاننى كۆرۈپ قورسۇقۇمنىڭ ئاچلىقى ئىسىمگە كەلدى ، نىم بولسا بولسۇن ئاۋال بىر قورساقنى ئەستەلەي دەپ پۈتۈمنى ئۇچىدا دەسسەپ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم ، ئەمدى نەچچە مىتىر مىڭىشىمغىلا كەينىمدىكى ئىشىك ئىچىلىپ بىرسىنىڭ ئاياق ئاۋازى ئاڭلانماسمۇ . . ئالە شەرىڭنى مانا ...ئوخشاپ كەتتىمۇ ، پىشانەمدىن سوغاق تەر چىقىپ كەتتى

!!! سەن كىم ؟ توختا—

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارقامغىمۇ قارماي بەدەر قاچتىم ، كاللامدا پەقەت قىچىش دىگەن بىرلا خىيال ... نەگە قاچاي ؟ ئالدىمدا پەشتاقتىن ئۈچۈنچى قەۋەتكە يۈگرەپ چىقتىم كەينىمدە ھىلىقى ئادەم قوغلاپ چىقىۋاتاتتى .....ئۈستىگە تۈتاشقان پەشتاقنى كۆرۈپ يەنە ئۈستىگە قاچتىم ، پەشتاقنىڭ ئۈستىدە كىچىك ئىشىكنى تىپىپ ئىچىپ چىقتىم ، ئۆينىڭ ئۆگزىسىكەن ئەمەسمۇ ئالدىمغا نەچچە قەدەم يۈەرەپ تۈيۈقسىز يان تەرپىمدىكى بىر نەچچە كۆلەڭگە كۆزۈمگە چىلىقىپ توختاپ قالدىم ، يۈرىكىم ئەنسىز سوقماقتا ئاستا يانغا قارىدىم ، قورقۇپ كەتكىنىمدىن كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى ......شىزاڭ ئىتى ، بىر ئەمەس ئۈچىسى تىخى . ئورنۇمدىن قىمىر قىلماي تۇراتتىم ، مىدىرلىسامالا ماڭا ئىتىلىدىغاندەك ئەلپازدا ماڭا تىكىلىپ قارايتتى . ئاناڭنى ...! شەھەرلىك دىگەننىڭ باقمايدىغان بىرمىسى يوقكەن ! باقىدىغان ئىت چىقمىغاندەك مۇشۇنىمۇ باقامدۇ ئەمدى ؟!

ئالە ! دىگەن سۆز بىلەن تەڭ ئۈچىسى تەڭلا ئىتىلدى ، قارسام ھىلىقى ئادەممۇ كەينىمدىن —

چىقىپ بوپتۇ . جاننى ئېلىپ بەدەر قاچتىم ، نەگە قاچاي ، نەدىن قاچاي ؟؟

ئىتلار يىتىشۋېلىشقا ئازلا قالغان ئىدى . كاللامغا ھېچنىمە كەلمىدى .مەيلى نىم بوسام بولاي ئىتقا

...... يەم بولغاندىن ياخشى دەپلا يانغا بۇرلۇپ بىنانىڭ ئۆزىسىدىن ئۆزەمنى ئاتتىم

جاڭ › قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنىنىڭ قاتتىق تورمۇزلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قاتتىق ›

چۈشكىنىمدىن پۇت قۇلۇمنى مىدىرلىتالماي ئاران تەستە بېشىمنى يولغا قاراتتىم ، قارسام ساقچى

ماشىنسىنىڭ رەڭگىدە بىر ماشىنا تۇراتتى ، ياق ساقچى ماشىنىسى ئەمەستۇ ، شۇ خىيال بىلەن ئۆزەمنى

تەڭشەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشمغا ھېلىقى ماشىندىن نەچچە ساقچى فورمىسى كىيگەنلە چۈشمەسىمۇ .

. قورقۇپ كەتكىنىمدىن پۇت قۇلۇمنىڭ ئاغرىقكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم

.... بالا كەسە قوش كەپتۇ دەپ يولدىن ئۆتكەن ساقچى ماشىنىنىڭ ئۈستىگە تاخلىغىنىمنى

پۇت قۇلۇمغا كويزا سېلىندى ، تۇنجى خاتا باسقان قەدىمىم ئايىغى چىقمايلا كىشەنلىنىپ

...... قالدى

ئىسمىڭ نىمە ؟ —

ئەلى . ئالدىمدا چىرايىدىن يامانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، تەبەسسۇمدىن ئەسەر يوق ئىككى—

. ساقچى قوپاللىق بىلەن سۈزلەۋاتاتتى

فامىلەڭ نىمە ؟ —

. بىلمەيمەن —

بىلمەيمەن ؟ بىلمەيمەن دىسىلا ئۆتۈپ كىتىدىغان ئىشما بۇ . ئۈستەلگە قاتتىق بۇرنى —

! ئۇرۇپ ئادەمنى يەۋېتىدىغان ئەلپازدا ۋاقىردى ،— فامىلەڭ نىمە دەۋاتىمەن

بىلمەيمەن شۇ —

ھارىمى ، ئۆزەڭنى بىلىپ ياۋاشلىقچە دىگىن ، گەپ قىلماي تۇرۋالسا ھېچنىمە بىلەمەيدۇ —

. دەپ قالما

ماقۇل ، قېنى مەن يالغان سۆزلەۋاتقان بولسام سىلەر راستىنى دەپ بېرىڭلا ، مەن ئون — نەچچە يىل بولدى ئاتا ـ ئانامنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي ھارىمى بولۇپ يۈرگىلى ، قېنى دەپ بېرىڭلارچۇ ، شۇندا تەقەززادا بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن ھازىر . ئاتا ـ ئانامنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرىپ نىمە قىلىشساڭ مەن رازى . كۆزۈمگە لىق ياش كەلگەن ئىدى يەنە ئازراق سۆزلىسەم يىغلاپ تاشلايدىغاندەك تۇراتتىم .

ئەلى ! ساقچىنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگەرگەن ئىدى ، باياملقى ئەلپازىدىن ئەسەر يوق . — بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاردىم ، —راست گەپ قىلساق سىنىڭ ئارخىپىڭنى بىزمۇ تاپالمىدۇق ، ھېلىمۇ خادىملىرىمىز ئىزدەۋاتىدۇ . يامان ئىش قىلغان ئىكەنسەن جاۋابىنى بەرمىسەڭ بولمايدۇ . سەن بىزگە قىلغان ئىشلىرىڭنى دىگىن بىز ،ياردەم كېرەك بولسا قۇلىمىزدىن كىلىشچە ياردەم قىلىمىز ، شۇڭا بىزگە ماسلاشمىساڭ بولمايدۇ . ئېيتە ئالىم باشلىقنىڭ ئۆيىگە نىمە مەقسەتتە كىردىڭ ؟

ئالىم باشلىق دىگىنىڭلارنى مەن تۇنىمايمەن . پەقەت ئاچلىقتا چىدىماي ئوغۇرلۇققا كىرگەن— شۇ ! بولغان ئۆتكەن كەچمىشلىرىمنى ھەممىسنى ئۇلارغا دەپ بەردىم ،— ماڭا بىرلا ئىشتا ياردىمىڭلا كېرەك ،ئاتا ئانامنى تېپ بەسەڭلە !!

. ماقۇل ! بىز قۇلىمىزدىن كىلىشچە ياردەم قىلىشقا ۋەدە بېرىمىز سەن ئولتۇرۇپتۇر — ئۇلار شۇنداق دىگىنچە ماتېرىياللىرنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كىتىشتى . ئالاھەزەل ئون بەش يىگىرمە مىنۇتلاردىن كىيىن ھېلىقى ساقچى بىر نەچچە قاچىغا موما ۋە بىرنەچچە خىل سەي ئېلىپ كىلىپ . ئالدىمغا قويدى ،— ئاشخانىدا مۇشۇ تاماقلا قاپتۇ ھازىرچە شۇنى يەپ تۇرغىن

قۇلۇمغا مومىنى ئالدىمدە خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك چاينىمايلا يالماپ يۇتۇشقا باشلىدىم . كۆزىمدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى ، ئالدىمدىكى بۇ تاماققا قاراپ ھۆكىرەپ يىغلاپ تاشلىدىم . مۇشۇ تاماق بولغان بولسا بۇ كۈننى كۆرەمتىم؟! ئاتا ئانام بولغان بولسا مۇشۇ نەس باسقان يەرگە كىرىپ يۈرەمتىم ؟! مەن نىم قىلغىنىمغا بۇ كۈلەرنى كۆرىشىم كېرەك ؟! ئۆزەمنى . باسالماي ئۆسۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم

ئۆزەڭنى بىسۋال ئەلى ! ، ھېلىقى ساقچى ماڭا ئىچ ئاغرىتتى بولغاي مۆرەمگە يىنىك —
. شاپىلاقلاپ قويدى . — ئالدىرماي يېگىن ساڭا چاي ئەكىرىپ بېرەي

شۇندا دەپ ئىشكىنى يېپىپ چىقىپ كەتتى ، ئۆزەمنى يىغدىن ئاران توختاتتىم ، ئالدىمدىكى تاماقتا قاراپ ئولتىراتتىم ، بۇ تاماق ماڭا باشقىچە ئوخشىغان ،ھېچقاچان يەپ باقمىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ، قۇلۇمغا چوكىنى ئېلىپ تاماقنى ئاشپاقلىق بىلەن بىردەمدىلا يەپ بولدۇم . گەرچە قۇرساق تويمىسىمۇ شۈكرى دىدىم ئىچىمدە . ئىشىك ئېچىلىپ ھورى ككتىرلىپ تۇرغان چاينى ئالدىمغا قويۇپ ھەيران بولۇپ سۆزلەپ كەتتى ساقچى،— قارا سېنى ئالدىرماي يە دىسەم بىردەمدىلا يەپ بولغىنىڭنى ، قارىغاندا تويمىغاندەك تۇرسە ؟

! ياقەي ، تاماق بەك ئوخشاپتۇ ،رەخمەت —

بولدى تەكەللۇپ قىلما ، ساڭا دەيدىغان گەپ بار. ئىككى كۈندىن كىيىن ساڭا ئۆچۈق — سوت ئېچىلىدۇ . شۇڭا ئىزەڭنى بەك تاشلىۋەتمە ، سەن تېخى ياش ، بەلكىم بىر ئىككى يىل يېتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن سەن ياشى ئۆزگەرسەڭ شۇ بىزگە ئېيتقان رەخمىتىڭ بولىدۇ . بىز سېنىڭ .... ماتىريالىڭنى يۇقىرىغا تاپشۇردۇق ، ئامال بار جازا مۇددىتىڭنى يىنىكلىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقىمىز شۇنداق قىلىپ ماڭا سوت ئاچتى ، مېنى ئىتقا تالاتماقچى بولغان ئادەم ئاپتونوم رايونلۇق ئاسارە ئەتىقىلەرنى ئاسراش ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورنىنىڭ باشلىقىكەن ، مېنىڭ ئۆيگە كىرگىنىم ئۆيدىكى كامىراغا چۈشۈپ قاپتۇ ، ئىسپات تولۇقكەن ، شۇنداقتىمۇ ئىپادىسى ياخشى بولدى دەپ . ئۈچ يىللىق كىسىم ئېلان قىلىندى

ئۈچامدا مەھپۇس كىيمى ، پۇتۇمدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ تۈرمە ساقچىسىنى كەينىدىن . مېڭىپ كىتىپ باراتتىم

مۇشۇ كاماردا تۇرسەن ، دېدى ھېلىقى ساقچى پۇتۇمدىكى كىشەننى بوشىتىۋەتكەچ ، — ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن كامار ئىچىدىكى ئالتە يەتتە مەھپۇس ھەربىدەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ رەتكە تىزىلىشتى . ، ـ سەن مۇنۇ كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ياتىسەن ، ئەڭ ياخشىسى ئىش تېرىشماي

. يۇرۇش بولمىسا ... گەپنىڭ ئايىقىنى چىقارمايلا ئىشكىنى ئىچىپ چىقىپ كەتتى

ئالدىمدا تۇرغان مەھۇۋسلارمۇ جايىغا بىرىپ ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىن يامان ئادەملىكى چىقىپلا تۇراتتى . ھىچ بىر ياخشىلىقتىن ئەسەر يوق . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر خۇيزۇ ئولتۇراتتى ، . ئۇنىڭ چىرايىدىن ئانچە ناچارمۇ كۆرەنمەيتتى ، ئۇ مەن ياتىدىغان كارۋاتنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى

ئىسمىڭ نىمە ؟ ئوڭ تەرىپىمدىكى كارۋاتتا ئولتۇرغان چىرايىدا تاتۇقى بار ، چىرايى پۇرلۇشۇپ — تۇردىغان بىر ئوتتۇز ياشلا چامىسىدىكى مەھۇس ماڭا سەت ھومىيۇپ تۇراتتى . گەپ قىلماي ئۆزىمنىڭ ئورنىغا قاراپ ماڭدىم . گەپ قىلماي ماڭغىنىمدىن ئاچچىقى كەلدى بولغاي قىنىمغا بىرنى . تىپىپ تامنىڭ بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ قويدى

نىمە ؟ زۇۋانىڭ چىقمامدۇ ياكى مەن چىقىرىپ قويايمۇ ؟ شۇنداق دىگەچ ئورنىدىن تۇردى ئۇ ، . ئۇنۇڭ بىلەن تەڭ قالغان نەچچە مەھۇسمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەن تەرەپكە قاراپ كىلۋاتاتتى

زۇۋانىم چىقمىسا قانداق قىلماقچىدىڭ ، شۇنداق دىدىمدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھىلقىنىڭ يۈزىگە . زەردە بىلەن بىر مۇش قويدۇم

ما ھاراملىقنى . نىمە قىلدىغىنىمنى كۆزىڭگە كۆپىستىپ قوياي ، ـ شۇنداق دىگىنچە — شىرىكلىرى بىلەن مۇش تىپكىلەنى ئۈستۈمگە ياغدۇرۇۋەتتى . بىردە يۈزۈمگە بىردە بىقىنىمغا ئۇرۇپ دەسسىپ ھىچ ھالىمنى قويمىدى . پەقەت ئىككى قۇلۇم بىلەن بىشىمنى توراپ تۈگىلۈپ يىتىپلا تۇراتتىم ، تۈيۈقسىز ئۇرۇش توختاپ كەينى تەرىپىمدىن تاقىراڭ تۇقۇرۇڭ سوقۇشۇش باشلىنىپ ، ۋايجانلاشلار باشلىنىپ كەتتى ، بىشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقىمغا قارسام ھىلقى تۈگكان مىنى ئۇرغانلارنى بىريەندىن ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ بوپتۇ ، ئاخىردا ھىلقى تاتۇق كەينىگە داجىپ يىنىمغا كىلىپ قالغان ئىدى . ، ـ — سەن سەن نىرى تۇر ھە ھىلىباكا .... ئۇنۇڭ گىپىنىڭ ئايىقى چىقمايلا ھىلقى تۈگكان تەتۈر پەشۋا بىلەن بىشىغا بىرنى تەپمەسمۇ تاتۇق ئىككى تولغۇلنۇپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ جىمىپ قالدى ، ئاغزىمنى ئىچىپ تۇرۇپلا قالدىم . چۈنكى بولداق ماھارەتنى تۇنجى كۆرۈشۈم ئىدى . ئۇ يىنىمغا كىلىپ ماڭا قۇلىنى سۇندى ،— ھىچنىم بولمىغانسەن ؟ بۇ ھاراملىقلا دائىم يىڭى كەلگەنلەرنى بوزەك

. قىلدۇ

ئۇنۇڭ ياردىمىدە ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم ، بىقىنىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا سىگنالى چىلىنغاندىن كېيىن ئىشك ئېچىلىپ نەچچە تۇرمە ساقچىسى كىرىپ يەردە ياتقانلارنى كۆرۈپ كالتەك بىلەن تىزىمنىڭ كەينىگە بىرنى قويۇپ مىنى تىزلاندۇرۇپ قويدى . ھېلىقى تۇگگاننىمۇ ئوخشش ئۇسۇل بىلەن تىزلاندۇرۇپ قويدى . ، — كىرە كىرمەيچەدەل چىقىرىشقا پىتىندىكىمۇ تېخى . ؟ ئېيىپ مىكىكلا ، شۇندا دىگەچ ياندىكى ساقچىلارغا بويرۇق چۈشۈردى

! مەن ئەمەس ئۇلا مىنى ئۇردى ساقچى—

ئۇلار سىنى ئۇرسا يەردە ياتامتى ؟! شۇنداق دىگىنچە ئىككىمىزنى سۆرەپ بىرپەر ئاستى ئۆيىگە — ئېلىپ كىردى . ئىشكنى كۆچەپ ياپقىنى بىلمەن ..... تۇغۇلغانغا پۇشايمان قىلىپمۇ ئۆلگۈردۇم ، ئۇستى ئۇستىلەپ توك كالتەكلەر يېقىلىپ يەدە يىلاندەك تولغۇلنۇپ ۋارقىرايتتۇق . ئالاھەزەل بەش مىنۇتلا قىيناپ مىدىرغىدە ماجال قالمىغاندا سۆرەپ ئېپ چىقىپ تار كاماردىن بىرىگە تاشلاپ سولاپ قويدى ، بېشىمنى مىدىراتقىدەك ھالىم يوق قاچانلادا ھۇشۇمدىن كەتكەننى بىلمەيلا قالغان ......................... ئىدىم

كۆزىگىنى ئاچقە ھوي !قاندا تۇرسە ؟ كۆزىگىنى ئاچقىن ، سوغۇقتا بۇندا ياتساڭ ئاغرىپ قالسەن— كۆزىگىنى ئاچ . بىرسى مىنى نۇقۇۋاتاتتى ئاستا ئەسلىمگە ھۇشۇمغا كىلىپبېشىمنى كۆتىرىپ ئۇنىگغا . قارىدىم . ھېلىقى تۇگگان بالا بېشىمنىڭ تۆۋىدە ماگا قاراپ زوگزۇيۇپ ئولتۇراتتى

قانداق تۇرسە ئورنىگدىن تۇرە . ، ئۇ شۇنداق دىگىنچە مىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئورۇندىقتا — ئوتقۇزدى . كامارنىڭ ئىچى شۇنداق سوغوق بۇلۇپ زەي قاپلاپ كەتكەن ئىدى . بايامقى قىيناشنىڭ تەسىرىگە سوغاق قوشۇلۇپ بەدەنلىرىم چىقىلىپ كەتكەندەك ئاغرىۋاتاتتى . سوغۇقتا بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزەمنىڭ خاتا يولغا ماگغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ يەتكەن ئىدىم . مانا ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دەيدىغان مەيدىسىدە تۈكى بار ئەرلەك بىر كىرىپ باقسا تاماشىنىڭ نوچىسىنى

.... كۆرگىدىك بۇيەردە

. رەخمەت ساڭا ! مېنى دەپ سەنمۇ تاياق يېدىڭ . تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدىم ئۇنىڭغا —

نىمگە رەخمەت دەيسەن . بۇلارغا قويۇپ بەرسەڭچۇ سېنى بوزەك قىلىپ مالاي ئورنىدا —

. ئىشلىتىدۇ . بۇرۇن مەن كىرگەندىمۇ مېنىمۇ بوزەك قىلماقچى بولغان بۇ گۇيلار

قارسام سەن ئۇلارغا بوزەك بولىدىغان چرايدەك قىلمايسەن، گۇمپاڭ يامانكەن سىنىڭ . ئىسمىڭ—

نىمۇ ؟ سەن تۇڭگانما ؟

ئىسمىم ماتىيەن . توغرا تۇڭگان بولىمەن ، سەنچۇ . ئىسمىڭ نىمۇ ؟ بۇ يەرگە قانداق قىلىپ—

كىرىپ قالدىڭ ؟

. ئەلى . ئوغۇرلۇق قىلىپ كىرىپ قالدىم —

سىلەر ئۇيغۇرلادىن ئوغرىلىق قىلدىغان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس جۇمۇ .؟ —

بەلكىم ، ئەمما مىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئوغۇرلۇقتا كىرىشىم ئىدى . شۇنداق دەپ بولغان —

ئىشلارنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردىم ،— سەنچۇ ؟ بۇ يەرگە كىرگىنىڭگە ئۇزاق بولغان

ئوخشىمامدۇ ؟

يۇنىنەندە . شىنجاڭدا تۇرغىلى ئۇزاق بولدى . مەن ئادەم ئۆلتۇرۇپ ( 老家 ) مىنىڭ لاۋجىيا —

. كىرىپ قالغان بىر يىل بولۇپ قالدى

!ئادەم ئۆلتۇرۇپ ؟ —

ھە .! بۇرۇن مەن ھەربى قىسىم ئالاھىدە ئەترەتتە ئۈچ يىل تۇرغان ، كىيىن قىسىمدا بىر —

لۈكچەك گۇي بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ ئۇنى بەك ئۇرۇۋەتكەن ئىكەنمەن مېڭىسىگە قان چۇشۇپ ئۆلۈپ

. بەدى ھارىمى . شۇنىڭ بىلەن ھەربى قىسىمدىن قوغلاندىم ، ئوتتۇز يىللىق كېسىۋەتتى

ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى ، مەن ئۈچ يىلنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن دىسەم بۇنىڭ ئوتتۇز

. يىلنى ئۆتكۈزىشنى ئويلاپ ئىچىم باشقىچە بولۇپ قالدى

" . تۇۋۋا ، ياخشى ئادەملە تۈرمىگە كىرىپ ، پۇلى بار ھوقوقى بارلار يايراپ يۈرىدىكەن دىسە—

شۇنى دېگىنە . ئېغىر خۇرسىنىپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ . »— سىنىڭ ئاتا ئاناڭ نىمىش قىلدۇ ؟ —

مەن ئاتا ئانامنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن . مەن قار يېتىم . ئۆيۈممۇ ، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىممۇ —

. يوق

مۇنداق دە . مېنىڭ ئاتام ـ ئانامۇ ئۆلۈپ كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولغان . قارىغاندا —

. تەغدىرداش ئوخشايمىز

.; سەنمۇ يېتىممۇ ؟! قارىغاندا كۆنىمىز تەس ئوخشايدۇ بۇ دۇنيادا —

ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ، ئۇ شۇنداق دېگەچ مۇرەمگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ ،— ئىشلا ياخشى —

بوپ كېتىدۇ . بۇندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن ، سېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ . مەن ساڭ

.قارايمەن ، شۇنداق دېگەچ مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى ئۇ

ئەمسە بۇندىن كېيىن كۆپەرەك يار يۆلەك بولاسەن . بولسا ماڭا چېلىشىشنى ئۆگىتىپ قويغىن —

. ، خەنزۇچىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغىن قانداق

. ماقۇل! چاتاق يوق ، ئۆگەندىغان غەيرىتىڭ بولسىلا ئۆگۈتۈپ قويمەن —

_ . راست دىدىڭ ھە ، شۇنداق دەپ قولۇمنى ئۇنۇڭغا ئۇزاتتىم —

. راست . ئۇمۇ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى ، ئىككەيلەن قول بىرىشتۇق —

ئەنە شۇ كۈندىن ئىتبارەن ئىككەيلەن قەدىناست دوسلاردەك بولۇپ كەتتۇق . زىرىكىپ

قالغاندا ئۇ ماڭا گۇمپا ئۆگەتتى . ئىككەيلەن ھالمۇڭ بۇلۇشۇپ ئۆتەتتۇق . بىر قېتىم ئۇنۇڭدىن

( . گۇمپا ئۆگىنىمەن دەپ پۇتۇمنى قايرىۋەپ بىر ھەپتە ئاسقاپ يۇردۇم

تاياق يىمىسەڭ چېلىشىشنى ئۆگىنەلمەيسەن . ئۇ شۇنداق دەپ  باشقا كامارلىكلەرنى ئۇرۇشقا —

بويرۇيتتى . مەنمۇ ئۇ بار بولغانكى نىمىدىن قورقاتتىم دەپ كۆچۈم يەتسە يەتمىسە بىرپىلا مۇش

ئاتىدىغان بولدۇم . بەزىدە ئۇرۇۋالاتتىم بەزىدە تاياق يەپ كىتەتتىم . ئارقىدىنلا تۇرمە ساقچىلىرى

كىرىپ سۆرەپ ئېچىقىپ يەنە سالاتتى ياكى بولمىسا توك كالتەكنى ياقاتتى. زەي كاماردا يېتىپ

چىققاندىن كېيىن ، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ كىرەتتىم كامارغا . ئۇمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ

.: قوياتتى . قارىغاندا تاياق ئاز بوپ قاپتۇ دەپ قوياتتى

كۆنلە شۇنداق ئۆتۈپ ھەقەتەن قەدىناسلاردىن بولۇپ كەتتۇق . ئۇنۇڭدىن ئۆگەنگەنلىرىممۇ خېلى ئەسقاتىۋاتاتتى . بىر يەلىرگە بېرىپ تاياقمۇ ئۆتمەس بولۇپ كەتكەن ئىدى . ئۇچ يىلنىڭ قانداق . ئۆتكىنىنمۇ بىلمەي قالدىم ، تۈرمىدىن چىققۇچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايتتى

سېنى ئامال قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كىتمەن دوستۇم . ئايرىلىشقا قىيالماي كۆزۈمگە لىق ياش — . كەلدى

! مېنى ئېلىپ چىقمەن دىمەي ئۆزەڭنى ئاسرا . يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارلىشىپ يۈرمە يەنە — مىنىڭدىن ئەنسىرمە . سەن جىقاراق پەخەس بولغىن جۇمۇ . ئىككەيلەن قۇچاقلىشىپ — خوشلاشتۇق . قەدىناس دوستۇم تۈرمە ئىچىدە قالغان ئىدى . تۈرمىدە شۇنچە جاپا تارتقان بولسامۇ . كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلمايتتىم

كۆنلەر ،ھەپتىلەر ئۆتۈپ يەنە غېرىپلىق تۇرمۇشقا چۆكۈپ كەتتىم ، ياندا پۇل قالمىدى ، ھېچ قانداق يەردىن ماڭا خىزمەت چىقمىدى . شۇ كۆنلەردە نەگە بېرىشنى بىلەلمەي كوچا چىڭداپ يۈرەتتىم .ـ ئوغرىنى تۇتۇڭلا ! بىرسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم . ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر قولىدا بىر سومكىنى قۇچاقلىغىنچە مەن تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كېلىۋېتىپتۇ ، كەينىدىن قىرىق ئەللىكلەردىكى بىر خەنزو توختىماي ۋارقىراپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ، ئۇنۇڭغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كېلىدىم ، ھېلىقى ئوغرى يۈگرىپ يېنىمغا كەلگەندە ماتىيەن‌تۈرمىدە ھېلىقى تاتۇقنى تەپكەندەك تەتۈر پەشۋا بىلەن‌تۆمشۇقىغا بىرنى تەپتىم ، يۈگرەپ كىلىۋاتقان ئوغرى كەينىگە ئىككى مىتىر ئۇچۇپ چۈشتى دە تۆمشۇقىنى تۇتۇپ قاتتىق ۋارقىرايتتى . قارىغاندا چىشى . چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك

ئاڭغىچە ھېلىقى خەنزو كېلىپ سومكىنى ئالدىدە ئىچىدىن ئەسكى‌ساپال كوزىنى چىقىرىپ سىنجىلاپ قاراپ چىقتى › — ئۇۋ ! ساقكەن . ساڭا رەخمەت بالاڭزا . سەن مېنى ككپ زىياندىن ساقلاپ قالدى . ئۇ شۇنداق دىگىنچە قولۇمنى چىڭ سقىپ قويىدى ۋە كەينىگە بۇرلۇپ ھېلىقى يەردە

. ۋايجانلاپ ياتقان ئوغرىنى ئىككىنى تېپىۋەتتى

. ساقچىنى چاقىرامدۇق ؟ سورۇدۇم خەنزۇدىن —

ئۇ ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى ۋە ھودۇققان تەلەپپۇزدا ،— ياق بولدى ، نەرسە قايتىپ

كەلگىنى يانشى بولدى ،ساقچى چاقاساڭ ھەممىمىزگە ئاۋارچىلىق شۇنداقمۇ ؟

ئۆزەمنىڭمۇ يېڭىلا تۇرمىدىن چىققىنى ئېسىمگە كېلىپ قالدى ،— توغرا توغرا ! ھەممىمىزگە

ـ . ئاۋارچىلىق . بولمىسا مەن مېڭىۋېرەي . شۇندا دەپلا كەينىمگە بۇرلۇپ ماڭدىم

توختاپ تۇر بالاڭزا ، ھېلىقى خەنزۇ كەينىمدىن چاقىرىپ ،— مەن ساڭا رەخمەت ئېيتىۋۋالاي —

. ، سەن مېنى زور زىياندى ساقلاپ قالدىڭ

. ياقەي ، بۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم . رەخمەت ئېيتمىساڭمۇ بولىۋېردۇ —

ياق ياق ، بولمايدۇ . مەن ئۆزەمگە يۆز كىلەلمەيمەن ، ھە دىگىنە . بىر رەىمەت ئېيتىۋالاي .—

ئۇ شۇنداق دەپ ئۇنمىسامۇ ئۇنماي زورلاپ قولۇمدىن تارتىپ ماڭدى . بوپتۇ بۇنۇڭمۇ كۆڭلى ،

. بەلكىم ماڭمۇ ياردەم قىلىپ قويامدۇ تېخى .شۇ خىياللار بىلەن ئۇنۇڭ كەينىدىن ماڭدىم

تەخمىنەن بەش مىنۇتلاردىن كىيىن بىز مەسۇس ئاسارە ئەتىقىلەر تىزىلغان بىر كوچىغا كەلدۇق .

ئۇ مېنى شۇ كوچىنىڭ ئوتتۇردىكى ھەشەمەتلىك بىزەلگەن بىر دۇكانغا ئېلىپ كىردى . ھە مېنى

. كىرىسلوغا تەكلىپ قىلدى . مەنمۇ تاتىنمايلا ئولتۇردۇم

پاھوي ..! نىمداق جىق ئاسارە ئەتىقىلەر بۇ . سەن ئاسارە ئەتىقە ساتامسەن ؟ ھەيران بۇلۇپ —

. سورىدۇم ھېلىقى خەنزۇدىن

ھە ، شۇ سودىنى قىلمەن . شۇنداق دىگىنچە ئوغرىدىن تارتىۋالغان ساپال قاچىنى ئۈستەل —

ئۈستىگە قويۇپ ، ـ ما ساپال قاچا بەك قىممەت پۇللۇق نەرسە ، ئەگەر سەن ياردەم قىلمىغان بولساڭ

!نۇرغۇن زىيان تارتاتتىم ، شۇڭا ساڭا رەخمەت ئېيتىۋالاي دىگەن بىلدىڭمۇ ؟

!ناھايىتى بىر ئەسكى قاچىغۇ ، شۇنىڭغىمۇ بۇنچە قىلىپ كىتىش كېتەمدۇ .؟ —

ئەسكى قاچىغۇ ؟! سەن بۇنۇڭ قانچە پۇللىقىنى بىلەمسەن بالا ؟ —

. ناھايىتى كەلسە نەچچە يۈ كويلۇق نەرسىدۇ شۇ . يا ئالتۇن بولسىكەن كاشكى —

نەچچە يۈز كوي ؟! ئاچچىقى كەلگەندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى ئۇ ،— نەچچە يۈز مىڭ كوي —

! دە مۇنداق

. نەچچە يۈز مىڭ كوي ؟ ھەيران بولۇپ سورىدۇم ئۇنىڭدىن —

ھە ، ساڭا بۇنى چۈشەندۈرسەممۇ بىلمەيسەن ،بولدى ئىكزىمزنىڭ گىپىگە كىلەيلى . ئىسمىڭ —

. نىمۇ يىگىت ؟ قارسام خېلى گۇمپاڭ بادەك قىلدۇ

. ئەلى . بۈرۈن ئازتولا ئۆگەنگەن —

ياق ئاز تولا ئەمەس خېلى ئۆگىنىپسەن ، مەن بىر قاراپلا ئۇقۇۋالدىم . نىمىش قىلسەن ئەلى ؟—

. باكا ؟ خىزمىتىم يوق —

ئۇنداق ئەمەس ، سەن بىر بولسا ساقچى ، بىر بولسا ھەربى بولغان شۇنداقمۇ ؟ ھەي بۇنى —

سوراپ نىم قىلاي ... نىم قىلغان بولساڭ مەيلى ساڭا رەخمەت ئېيتىمەن ، ئۇ شۇنداق دەپ ئۇستەل

ئاستىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى ، — بۇ ئاز بولسىمۇ ئون مىڭ كوي . ئاز

. كۆرمەي ئالغىن ، مىنىڭ كۆڭلۈم . سەن مىنى جىق زىياندىن ساقلاپ قالدىڭ

ئۆمۈرۈمدە بۇنچە جىق پۇلنى تۇتۇپ باقماپتىكەنمەن . ئەمدى بۇ پۇلنى ماڭا بەرمەكچى

. بولىۋاتىدۇ ، ھودۇققىنىمدىن پۇلغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم

پۇلنى ئاز كۆرىۋاتامسەن يا ئەلى ؟ —

. ياق ياق . بۇ پۇلنى ئالالمايمەن ، شۇنداق دىگەچ پۇلنى ئالدىغا ئىتتىردىم —

. نىمىشقا ئالمايسەن —

. ھىچ سەۋەپسىز بۇنچە كۆپ پۇلنى ئالالمايمەن —

! سەۋەپسىز ئەمەس . سەن ماڭا ياردەم بەردىڭغۇ ، بۇ سىنىڭ ھەققىڭ —

. شۇنداقتىمۇ ئالسام بولمايدۇ —

ماڭا قارا ! ساڭا دەيدىغان يەنە بىر ئىش بار ،قارسام سىنىڭ ماھارىتىڭ باردەق قىلدۇ ، شۇڭا —

,دۇكۇنۇمغا قوغدىغۇچى بولۇپ بەر ، مۇئاشىگنى يۇقىرى بېرمەن قانداق .؟

راست گەپ قىلسام بۇ گەپ ماڭا ياققان ئىدى . قانداق قىلاي ؟ ياردەم قىلغان ئىكەن يادەمنىڭ

. چوڭىنى سوراي ، ياردەم قىلالمىسمۇ يول كۆرستىپ قويار

ماڭا باشقا بىر ئىشتا ياردەم قىلىپ بېرەلەمسىز ؟ —

. ئەسلى باشقا مەقستىڭ باركەندە ، بوپتۇ دە قۇلۇمدىن كەلسلا چوقۇم ياردەم قىلىمەن —

. ماڭا كۆپ پۇل تاپىدىغان يول كۆرسەتسىڭىز —

كۆپ پۇل تاپىدىغان . نىمىگە كۆپ پۇل لازىم بۇلۇپ قالدى ؟ —

!. مەن تۇرمىدىن چىققان ؟ مىنىڭ تۇرمىد بىر دوستۇم باتى شۇنى يول مېڭىپ ئېچىقاي دىگەن—

تۇرمىدىن چىققان ؟ ھەيران بولۇپ سورىدى ئۇ ،— قانداق قىلىپ كىرىپ قالدىڭ ؟ —

مەن بولغان ئۆتكەن ئىشلىرىمنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردىم ، بەلكىم ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قىلىپ قالسا

. ئەجەپ ئەمەس دىدىم ئىچىمدە

ئۇ گەپ قىلماي بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇەتكەندىن كىيىن ماڭا قاراپ ،— مەيلى ساڭا ياردەم

. قىلاي . ئەمما كۆپ پۇل تاپماق سەل تەسرەك ھەم كۆڭىلىك كۆتەمەيدۇ

چاتاق يوق ، ئەسكى ئىش بولسىلا نىم بولسا قىلىمەن ، ماڭا دوستۇم ماتىيەننى ئېلىپ چىقىشقا

. ياردەم قىلسىڭىزلا بولدى

ھەي ئەلى ! ساڭا دىسەم ، ھارام ئارلاشماي كۆپ پۇل تاپىمەن دىسەڭ قېرىپ كىتىسە —

بىلەمسەن . ھازىر نەدە ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىش ئاسانكەن . مانا سەنمۇ بىر ئۇمۈر يىتىم

!. بۇلۇپ ئوغۇرلۇق قىلماي يۈرۈردۇم دەيسەن ، نىم پايدا كۆردىڭ دىگىنە

ئۇنىڭ دىگىنى بىر ئويلىسام ئورۇنلۇق ئىدى ، شۇنچە ھالال ياشايمەندەپ كۆرگىنىم ئازاپ

..... ئوقۇبەت

ئەمسە قانداق قىلىمەن ؟ بىر نىيەتكە كېلىپ سورىدىم . مەيلى نىم كۆرسەم كۆرەمەن ، —

. ماتىيەننى ئېچىقىدىغان ئىش بولسا قىلىشقا رازىمەن

مۇنداق قىلغىن ، سەن ماڭا ئۇخشاش ئاسارە ئەتىقە بىلەن شۇغۇللان ، قانداق ؟ —

. مەندە پۇل يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەرسىلە توغۇرلۇق ھېچقانداق بىلمەيمەن يوق تۇرسا —

ئەلى ...! پۇل بولمىغاچقا قىلغىن دەۋاتىمەن ، پۇل بولسا بۇ ئىشنى قىلىپ نىم قىلسەن ؟! —

سەن ماڭا شاگىرت كىرگىن مەن سىنى تەربىلەيمەن ، ساڭا ئاسارە ئەتىقىلەرنى قانداق پەرىقلەندۈرۈش ؟ ساقتىسىنى قانداق ياساشنى ؟ قانداق نەرسىلەرنىڭ پۇلغا يارايدىغىننى ئۈگىتىمەن . كىيىن ئۆزەڭ . قەبرىگە كىرىپ ئېچىقساڭ تېخمۇ جىق پايدىغا ئېرىشىسەن

نىمە ؟ قەبرىگە كىرىپ ؟ بۇ ئىشنى قىلسام قانۇنغا خىلاپ تۇرسا مەن قىلالمىغۇدەكمەن . مەن— تېخى ئەمدىلا تۈرمىدىن چىقسام ، يەنە كىرىپ قالغىم يوق مىنىڭ . تېخى ساقتىسىنى ياساشنى .. دەيسىز . بۇ ئىشنى مەن قىلالمىغۇدەكمەن

ھەي بالا ، مەن ساڭا نىم دىدىم ، توغرا يول بىلەن پۇل تېپىپ دوستۇڭنى ئەپ چىقمەن دىسەڭ قېرىپ كىتىسەن دەپ . مەن سىنى ھازىرلا بىرىپ قەبرىگە كىر دىمىدىمغۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە دوستۇڭنى . ئېلىپ چىقمەن دەپلا چىقالمايسەن . ئاز كەم يەنە بىر يىل ياتىدۇ

. بىر يىل ؟ قانداقسىگە ئەمدى —

ئۇزۇن مۇددەت ياتقان جىنايەتچىلەنى ئۆزگىرىشى ياخشى بولدى دەپ جازا مۇددىتىنى — يىنىكلىتىپ ئاستا ئاستا يوقۇتۇپ ئۇچىقمىسا بىراقلا ئېچىقىلى بولمايدۇ . مىنىڭ بىر تونۇشۇم بار سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ . ئۇنۇڭغا دەپ يول ماڭاي . سەنمۇ ماڭا ياردەم قىلغاچ ئۆزەڭنىڭ . كىيىنلىكىنى پۇختىلىۋالساڭ بۇلدۇ ، دوستۇڭ چىققاندىن كىيىن تۇرمۇشتا قىينالماي ئۆتىسىلەر

قانداق قىلسام بولا ، ئۇ ھېچ يالغان گەپ قىلمىغاندە تۇراتتى، — دىگەنلىرىڭىز راستمۇ ؟ ئەگەر .... مىنى ئالداپ دوپپامغا جىگدە سالمەن دىسىڭىز

ساڭا يالغان دەپ نىم ئىشىم ، سىنى ئالدىسام نىم قىلاتتىم بۇ گەپلەنى ساڭا دەپ ؟ —

ماقۇل ، ئەمسە سىزگە شاگىرت كىرسەم كىرەي . سىزنىڭ ئىسمىڭىز نىمە ؟ —

ھە ، ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن كەچۈر ھە ! مىنىڭ ئىسمىم جاڭخۇەن ، —

بۇندىن كېيىن جاڭ ئۇستام دىسەڭ بولىدۇ . سىنىڭ ئۆيىڭ نەدە ؟

. ئۆيىم يوق —

ئو ، كەچۈرگىن ، بايا دىگەنىڭ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئەمىسە سەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاقتا— ياتقىن ، بۇ پۇلنى خىراجەت قىلغىن شۇنداق دەپ بىر باغلام پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ،— ئۇچاقىغا كىيىم ئېۋالغان ، سەن بىزنىڭ تاماقنى يىمەيسەن بىلىمەن ، تاققا خىراجەت قىلىپ تۇرغىن !.. ، لازىم بولسا خىجىل بولماي دىگىن جۇمۇ

شۇنداق قىلىپ ئۆزەمنىڭ سەزمەستىن بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قالدىم .بىر يىل شۇنداق ئالدىراش ئۆتتى ، مەن جاڭ ئۇستامدىن ئاسارە ئەتىقىگە ئائىت ھەممە بىلىمنى ئۆگەندىم . قانداق قىلىپ پەرىقلەندۈرۈش ؟ قايسى دەۋرگە تەۋە ؟ قانداق ئوخشىتىپ ياساش ؟ قانداق سودىلىشىش ؟ ھەتتا قانداق قەبرە كونچىلاشقىچە ھەممىنى زېرىكمەي سورايتتىم ، ئۇستامغىمۇ شۇ مىجەزىم ياراپ قالدىمۇ ھەممىنى يالماي تەكرار ئۆگىتەتتى . بىر يىل بولغان چاغدا بىز لوپنۇرغا بېرىپ مىرەن خانلىقىغا تەۋە بىر قەبرىنى ئوغرىلىماقچى بولدۇق ، قەبرىنى كونچىلاپ بولغاندا ئۇستام مىنى چۈششكە بويرىدى ، بۇ مىنىڭ ئۇچىنچى قېتىم قەبرىگە كىرىشىم ئىدى ، ھەر قېتىم قەبرىگە كىرگىنىمدە يۈرىكىم ئەنسىز سوقاتتى ،بۇ دىگەن باشقا نەرسە ئەمەس قەبرىدە ، ئالمادىس بىرە ئىش بولۇپ قالسا . . .ئاخىرنى ئويلاشقا پېتىنالمايئاستا قەبرىگە شۇڭغىدىم ، قەبرە ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ بولۇپ ئادەمنى سۈر باستۇراتتى . مەن چىراقنى ياندۇرۇۋېتىزدەپ ، سىلاپ سىپاپ بىر نەچچە مىتال قاچىنى تاپتىمدە دەرھال سومكىغا سىلىپ چىقماقچى بولۇپ كەينىمگەبۇرۇلۇپ كەينىمگە ماڭدىم ، تۇيۇقسىز كەينىمدىن بىرنەسىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . يۈرۈكۈم ئاغزىمغىلا تىقىلىپ قالدى ، پۈتۈن بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چۈششۇاتاتتى . چىراقنى شۇنداق كەينىمگە قارتىپ تۇرۇۋشىمغىلا بىرنەسە سەكرەپ كىلىپ چىراق تۇتقان قولۇمنى قاتتىق چىشلىۋالدى ،ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرۋەتتىم ، سىرتتىن ئۇستام ۋە ياردەمچىسىنىڭ ئەلى ئەلى دىپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئاغرىققا چىدىماي قولۇمنى چىشلىگەن نەرسىنى ھىلىقى سومكا بىلەن بىرنى سالدىم ، ‹تاڭ›

قىلغانئاۋازبىلەن قاياقلارغە ئۇچۇپ كەتتى . چىراقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قاراتتىم ، جەسەت بۇرگىسى . . .

تىللىغىنىمچە قەبرىدىن تېزلىكتە ئۆملەپ چىقىپ كەتتىم .چىقىشىمغا ئۇستام بىلەن ياردەمچىسى مېنى

. يۆلەپ تۇرغۇزدى

جەسەت بۇرگىسى ، شۇنداق دەپ قۇلۇمنى كۆرسەتتى ئۇلارغا . ئۆلگۈر قۇرۇت قۇلۇمنىڭ بىر —

. پارچە گۆشنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغان ئىدى

. بولدى بولدى . ياخشى بولۇپ كىتىدۇ ، تېز قايتايلى ، ئۇزاق تۇرساق بولمايدۇ —

شۇنداق قىلىپ بىز ئۆرۈمچىگە قايتتۇق . بىر كۈنى ئۇستام مېنى چاقىرىپ يېنىدا ئوتقازدى ، مەن

ھېلىقى قەبرىدىن ئېچىققان مىتال بۇيۇملارنى ئالدىمغا قۇيۇپ ،— ئەلى ، بىلەمسەن ، بۇ نەرسىلە

بىباھا گۆھەر ، بۇ مىرەن خانلىقىغا تەۋە نەرسىلەركەن ، ساڭا بىر ئىشنى دەپ بىرەي ، ھازىر بازادا

ئەڭ پۇلغا يارايدىغىنى قۇملۇقتىن چىققان نەرسىلە ، چۈنكى بۇ نەرسىلە قۇرغاق مۇھىتتا داتلاشماي

ئۆز پېتى تۇردۇ . قۇملۇقتىن چىققان بۇيۇمنىڭ ساقتىسىنى ياسىماق بەك تەس ، شۇڭا بۇ نەرسىلە بەك

. ئەتىۋا . بۇندىن كىيىن بولسا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى كۆپەرەك قولغا چۈشرنى

. مەنمۇ ماقۇل دىگەن مەندە بېشىمنى لىڭشىتتىم

بۈگۈن كەچ چوڭ باشلىق كىلىدۇ ، بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالماقچى . شۇڭا بىر يەرگە چىقىپ —

كەتمەي تۇر ھە ؟

. ماقۇل ئۇستام —

كەچ كىرىشى بىلەن ھېلىقى مېھمانلار كەلدى ، ئۇستام ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى ۋە ماڭا ھېلىقى

نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى . مەن ھېلىقى نەرسىلەرنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇلارنىڭ

چىرايىغا قاراپ ھەيران قالدىم ، كۆزۈمنى ئۇزمەي نەچچە سكونت قارۇەتكەندىن كىيىن گەپ قىلماي

چىقىپ كەتتىم ، توغرا ئۇ ھېلىقى مېنى سولتىۋەتكەن ئالىم دىگەن ھارىمى ، يەنە تېخى مېنى ئىتقا

تالاتماقچى بولغان ، توغرا ھەرگىز خاتا ئەمەس . توختا ئۇلار سودىسىنى قىلىۋالسۇن ئۇنىڭ بىلەن

. كىينچە ھىساپلىشارمەن . ھازىر تۇتۇشسام ئېنىقلا ئۇستامغا زىيان سېلىپ قويۇشۇم مۇمكىن

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستام كۆلۈپ كىرىپ كەلدى ، ھەم ئالدىمغا ئۈچ باغلام پۇلنى

. ئالدىمغا قويدى،— بۇ سىنىڭ ئەلى ، بۇگۈن چوڭ سودىنى پۈتتۈرۈشكە ياردەم بەردىڭ

قانچىگە ساتتىڭىز ؟ —

ئىككى مىليون . پىچىرلاپ سۆزلىدى ئۇ . بىلەمسەن ئاۋۇ ئۇيغۇر بەك باي كىشى ، مەخسۇس —

. مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ

!بىلمەن ، ئالىم دىگەن شۇغۇ ؟ —

سەن ئۇنى قانداق تونۇيسەن ئۇنى؟ —

. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلىققا كىرىپ قالغىنىمنى ۋە كېيىن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم

نىمە دەيدىغانسەن . ئۇ سىنى تونۇپ قالمىغاندۇ .؟ —

... مىنىڭچە تونىمىدى دەيمەن ، تونسا مىنى سورا بولغىيدى —

توغرا توغرا ...تونىمىغىنى ياخشى بولمىسا جىق ئىشلارغا تەسىر يىتىدۇ . ھەي بولدى بۇ —

ئىشلارنى ئۇنتۇپ تۇرغىن ، ساڭا يەنە بىرخوش خەۋەر بار ، دوستۇڭ ماتىيەننىڭ جازا مۇددىتى ئون

. بەش يىلغا چۈشۈپتۇ .يەنە بىر مەزگىلدىن كىيىن يەنىمۇ قىسقارتىپ چىقىرۋىلدىغان بولدى

خوشلۇقۇمدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ، ئۇستامنىڭ قۇلىنى تۇتۇپ نەچچە رەت رەخمەت ئېيتىپ

, . كەتتىم ، دوستۇم ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلالىغىنىمغا ئالەمچە خوش بولۇپ كەتكەن ئىدىم

. ئالاھەزەل بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كىيىن ئۇستام يېنىمغا جىددىلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى

. ئەلى ئىش چاتاق تۇردۇ —

. نىم بولدى ؟ ھەيرانلىقتا سورىدىم ئۇنىڭدىن —

. ھىلقى ئالىم دىگەن سىنى تونۇپ قالغان ئوخشايدۇ —

. تونۇپ قالسا قالامدۇ . مەنمۇ ئالدىغان ئۆتنەم بار ئۇ ھارىمىدا —

ئىش ئۇنداق ئەمەس ، سوت مەھكىمىسىدىكى ھىلقى دوستۇم ماڭا تىلفۇن قىپتۇ ، ئالىم سىنىڭ—

. قەبرە ئوغرىلىغان ئىشىڭ توغۇرلىق ماترىياللارنى سوتقا تاپشۇرۇپتۇ

نىمە ؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قالدىم ›— مەندە نىمانچە ئۆچى بار —
بولغىدى بۇ ھايۋاننىڭ ، نىمە مەن بىلەنلا قالدۇ . ئالدىغاننى ئېلىۋېلىپ يەنە سوتقا ئېيتىپتىما ؟
شۇنداق ، دوستۇم سىنىڭ مىنىڭ قولۇمدا ئىشلەيدىغىنىڭنى بىلگەچكە ماددى ئىسپات تولۇق —
. ئەمەس دەپ باستۇرۇپ قويۇپتۇ ، ئەمما ماتىريالللار تولۇقلانسا سىنى تۇتۇپ تۇرغىدەك
ئەمسە قانداق قىلاي ئۇستام ؟ —
سەن چەتەرەك بىر يەرگە كەتكىن ، سىنىڭ ئارخىپىڭ بولمىغاچقا ھىچكىم سىنى تاپالمايدۇ ھازىر—
. مەنمۇ سىنى بىلمەسكە سېلىپ تۇراي
ئەمسە قاياققا باراي ؟—
خوتەنگە بار ؟ مەن ساڭا يۇزمىڭ بېرەي يېرىم يىل شۇ يەردە پاناھلانغاچ قۇملۇقتىن چىققان —
. ماللارغا دىققەت قىلىپ يۇر ،ياخشى مال چىقسىلا مەن بىلەن ئالاقىلاش
ماقۇل ، ئەمسە قاچان ماڭاي —
ئەتىلا ماڭغىن ، تەييارلىقىڭنى قىلىپ تۇرغىن ، مەن ساڭا ماشىنا ئۇقشاي . ھىچكىمگە —
. بىلدۇرمەي ماڭغىن
مانا شۇنداق قىلىپ ئۆزەم بىلىپ بىلمەي قاچقۇنغا ئايلىنىپ قالدىم ، مانا بۇ مىنىڭ سەرگۇزەشتەم
، بىر كىپەن ئوغرىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسى! قالغان ئىشلارنى باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم

## باب ـ 5

### قۇملۇققا سەپەر

ھىچ ئىش بولمىغاندە خورەكنى بۇلۇشغا تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ماتىيەننىڭ چىرايىغا ئۆزەمنى
گۇناھكاردەك ھىس قىلىپ قالدىم ،مەن سەۋەپلىك ئۇنۇڭغا بىرەر ئىش بولمىسدى دەپ بەك ئەندىشە
قىلاتتىم ، كاللامدا چىگىش خىيال ، قاندا قىلسام بولا ؟ قۇملۇققا كىرەيمۇ ياكى بۇلارنىڭ بىر تەرەپ
قىلىشىغا قاراپ ئولتۇرايمۇ ؟ قۇملۇققا كىرسەم ساق چىقالايمەنمۇ ؟ توختا كىرىش كىرەك ، قۇملۇققا

كىرگەندىن بەرىبىر مىنىڭ دىگىنىم ھىساپ . ھېلىقى ئالىم دىگىنى ئۆلسىغۇ تەلىيىم ، ئۆلمىگىن
تەغدىردىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۈچۈمنى ئالالايمەن ، مىنىڭ ھەممىدىن بەك ئەندىشە
قىلىدىغىنىم ماتىيەن بىلەن ھېلىقى بوۋاي ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمىسىلا مەن رازى . مەن دوستۇم
ئۈچۈن بۇ قاغىشلىق ئىشنى قىلۋاتىمەن ، ئەمدى دوستۇم مەن سەۋەپلىك بىرە ئىشقا
يۇلۇقسا .....شۇ خىياللارنى سۈرۈۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ھېلىقى
. خوتۇن بىلەن بىرووۇنۇۋېك يەنە نەچچىسى كىرىپ كەلدى
. ئارمىڭلا مۇشۇنچىلىك بولسا بولا ؟ ھېلىقى خوتۇن ماڭا قاراپ ھومۇيىپ قويغاچ —
. قاچانلادا تاڭ ئېتىپ قالغىنىنمۇ بىلمەي قالغان ئىدىم ، ئاڭغىچە ماتىيەنمۇ چۆچۈپ ئۇيغۇنۇپ كەتتى
قانداق بىر قارارغا كەلدىڭمۇ ؟ ناشتا قىلىپ بىز بىلەن ماڭامسەن ياكى ناشتىلىقىڭغا مىشەك —
مانتىسى يەمسەن ؟
ماقۇل ، بارسام باراي . ئەمما ئىككى شەرتىم بار شۇنىڭغا قوشۇلساڭ بارىمەن . بولمىسا مىشەك—
. مانتىسى يىسەممۇ يەي . ھېلىقى قىزىل كۆز باشلىقىڭنىڭ جەسىدىنى تېپىپ كىلەلىسە
سەن ماڭا شەرت قويۋاتامسەن ؟ ھېلىقى خوتۇن زەخەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ،— —
. ماقۇل دەپ باققىن ئورۇنلۇق بولسا قوشۇلىمەن بولمىسا مېنىڭدىن رەنجىمە
. ماتىيەن مەن بىلەن باردۇ ، ھېلىقى بوۋايغا زەخمە يەتكۈزمەيسەن —
ماقۇل ، ئەمما دوپپامغا جىگدە سالمەن دىگۈچى بولۇشما تۇ شۇنداق دىگىنچە تاپانچىسىنىڭ—
. ئۈچى بىلەن ئىڭىكىمنى كۆتۈرۈپ قويدى . ، — مىچىڭلا تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىمىز
شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىزنىڭ قولۇمىزدىن تۇتۇپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھەشەمەتلىك بىر ئۆيگە
باشلاپ كىردى ، ئۆينىڭ ئىچىدە يەتتە سەككىز ئادەمھەدەپ يۇك تاقىلىرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ، ھەتتا
. . بەزىلىرنى قورالىمۇ باركەن تېخى
ئەلى ! ماتىيەن قولاق تۇۋىمگە كىلىپ ئاستا پىچىرلاپ ،— بۇلار بىخەتەرلىك —
. ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىكەن

. نىمە ؟ قانداق ئۇقۇۋالدىڭ ، مەنمۇ پىچىرلاپ سۆزلىدىم —

قارا ئۇلار ئىلىۋالغان تاپانچا، ئاپتۇماتلار پەقەت بىرخەتەرلىك ئىدارىسىدىكى خادىملارغىلا — بىرىدۇ .

يۈرۈك ئەنسىز سوقۇپ كەتتى ، ئۇلار بۇنداق قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئارلاشمايتتى ، ئۇنۇڭ ئۇستىگە قۇرال ئىلىۋاپتۇ ، قارىغاندا ئىش باشقىچە تۇرامدى نىمە .

نىمىگە كۆسۈرلۈشۈۋاتىسەن ؟ ھىلىقى خوتۇن ئالدىمغا كىلىپ . گەپنى ئاز قىلىڭلار .بۇياققا — كىلىڭلا ، ئۆزەڭلەرگە لازىملىق يۈكتاقا يىمەكلىكنى تاللاپ ئىلىۋىلىڭلار .

شۇنداق قىلىپ بىزمۇ يۈك تاقىمىزنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق ، مەن يىمەكلىك سۇ نى ماتىيەن چىدىر ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئىلىۋالدىغان بولدۇق .

. يىغىشتۇرۇپ بولغان بولساڭلار تېز يولغا چىقايلى ، ۋاقتىمىز قىس . ماشىنا ساقلاپ قالدى — ھەممەيلەن پەسكە چۈشتۇق ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۈستى يىپىلغان كۆزۈپلۈق ماشىنا تۇراتتى ، - سىلەر ئىچىدە ئولتۇرۇڭلا .

بىزنى قېچىپ كەتمسۇن دىدىمۇ قالغانلا كەينىمىزدىن چىقتى ھىلىقى بىرونىۋېكمۇ چىقىپ يىنىمغا كىلىپ ئولتۇردى .

.. بىز نەگە بارمىز ئەلى ؟ قۇلاق يۇۋىمگە پىچىرلىدى ماتىيەن —

. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرسىگە ، بىيىسنى قۇتقازغىلى بارمىز —

قۇملۇقتىن ئىچىگە ؟! ئەمسە بۇلار نىمىشقا بىزنى تۇتقۇن قىلىپ ماڭىدۇ ؟ —

بۇ گەپلەرنى ساڭا كىيىن دەپ بېرەي ئاداش ، قانداق قىلىشنىمۇ دەپ بېرمەن ، شۇنداق — . دەپ كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم . ئۇمۇ چۈشەندى بولماي گەپ قىلماي ئولتۇردى

بۇنى كۆرۈپ بېقىڭلار ، بۇ تەكشۈرۈش ئەترىتى يۈقاپ كەتكەن ئورۇنىڭ كوردىناتى . ، ھىلىقى خوتۇن ھەربىرىمىزگە بىردىن ۋاراقنى تۇتقازدى . — بىز بىلەن بولغان ئارلىقى يۈز يەتمىش كىلومىتىردىن ئاشىدۇ . بىز ئاۋال ھىلىقى بازارغا بېرىپ قۇملۇقنىڭ يىگىرمە كىلومىترغىچە ماشىندا

. بارىمىز قالغىنىغا پىيادە بارمىز

پىيادە ؟ ئۇنچە ئۇزۇنغا پىيادە بارغۇچە ئايرۇپىلاندا بارسەقمۇ بولدىغۇ ،؟ ھېچ بولمىسا ماشىنىدا

. بارساقمۇ بولدىغۇ . پىيادە مېڭىپ قاچان يېتىپ بارىمىز ئۇيەرگە

تىك ئۇچار ئايرۇپىلان بارغان ئەمما ھېچنىمە بايقالماي قايتىپ كىلىشتى ، ئۇنۇڭ ئۇستىگە —

ئۇ يەرنىڭ قۇم بارخانلىرى بەك ئىگىزكەن ، ماشىنا ماڭالمىغۇدەك ، شۇڭلاشقا پىيادە مېڭىشنى قارار

. قىلدۇق . سىلەرنىڭ باشقا پىكرىڭلار بارمۇ

قانچىمىز بارىمىز ؟ —

:جەمى سەككىزىمىز بارىمىز ؟ —

يىگىرمە نەچچە ئادەمنى قۇتقازغىلى سەككىز ئادەم بارىمىزمۇ ؟ قىزىق گەپ بولدىدە —

بۇ ! مەسخىرە ئارلاش كۈلۈپ قويدۇم ئۇنىڭغا . ماتىيەن ھېچ ئۇندىمەستىن بىزنىڭ گېپىمىزنى

. تىڭشاپ ئولتۇراتتى

بىز ئاۋال ئۇلارنى تاپىمىز ئاندىن يۇقۇرغا ئۇچۇر يولىساق ،بىزنى ئېلىپ كەتكىلى ئايرۇپىلان —

. ئېۋەتىدۇ . سىلەرنىڭ باشقا سۇئالىڭلار بارمۇ . ھېلىقى خوتۇنمۇ كۆزگە ئىلمىغاندەك قاراپ قويدى

يوق خان ئاچا ! يوق ! ئۇلارنى تاپقاندا ئايرۇپىلاندا ئورۇن قالمىدى بىزنى تاشلاپ قويمىساڭلا

. بولدىغۇ

بۇنىسى ئېنىق ئەمەس . ئېپادەڭلەر ياخشى بولسا بەلكىم چوڭاراق ئايروپىلانئېۋەتىپ قالامدۇ —

تېخى ؟

تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇتلاردىن كىيىن ھېلىقى بازارغا يېتىپ كەلدۇق ، ماشىنىدىن

چۈشكىچە تەمشەلدۇق ،— ئىسىتلاردا بولسۇن ھېچكىمگە چاندۇرماڭلا ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى

ھۆكىمەت بىلمەيدۇ ، بىز بۇيەرگە ساياھەت قىلغىلى كەلدۇق . ھېلىقى خوتۇننىڭ زەردە بىلەن قىلغان

. ئاۋازى ئاڭلاندى

. ئاداش ، بۇخوتۇن كىم ؟ ھەممىسى شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەن دىسە —

. مەنمۇ تۇنۇمايمەن ، قارىغاندا بۇبوتۇن بۇلارنىڭ باشلىقىدەك قىلىدۇ جۇمۇ —

شۇنداق دىگەچ ئېغىر سومكىمىزنى يۈدۈپ بازارنىڭ ئايىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . ھەممە بىزگە

. ھەيرانلىق بىلەن هاراپ قېلىشقان ئىدى، قارىغاندا بىزنى ساياھەتچى دەپ قالغان بولسا كېرەك

مېڭىپ كېتىۋېتىپ كۆزۈم دوقمۇشتا تاۋۇز سېيىتىپتۇرغان بىر بالىغا چۈشۈپ قالدى ، توغرانەچچە

يۈز كوي پۇلغا مېنى سېتىۋەتكەن هارىمى . ۋە بۇرلۇپلا شۇ تەرەپكە ماڭدىم . تۇيۇقسىز ئالدىمنى

هيلىقى بىرووۋنىۋېك توربۋالدى . ئۆزەمنىڭ تېخىە ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىم ئىسىمگە كىلىپ خەپ

. دەپ يولۇمغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم

ئالاھەزەل بەش مىنۇتلار ماڭغاندىن كىيىن هيلىقى قېتىق ساتىدىغان يايمىچىنىڭ يېنىغا

كىلىپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن . هيلىقى قېتىقچى مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى بولغاي ئاغزى

. ئېچىلىپلا كەتتى

كەسلا ئۇكام كەسلە . ئاللا ئاللا ..ھەقەپمۇ ئەنسىرەتتىلە ، ساقچىخانىدىن چىقۋالغان —

ئوخشىمامىلا ، تېش بوپتۇ جۇمۇ ، كەسلە قېتىقتىن بىرنى قۇياي ! ئۇنىڭ ئاغزى بىيسىقماي سۆزلەپ

. كەتتى ، سارىغاندا مېنى ساقچى تۇتۇپ كەتى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك

كانىيىمنى ئىككىنى قىرىپ قويدۇن ئۇنۇڭغا تىكىلىپ قاراپ ، ئۇمۇ مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي

يېنىمدىكىلەرگە بىرقۇر سىنجىلاپ قارۋەتتى . — هە هە مەيلى كىينچە ئېچىپ كىتەلا ئەمسە ! ئۇ

شۇنداق دىگىنچە شاپپىدەڭ ئورنىدا ئۇلتۇرۋالدى . كەيىنمگە ئۆرۈلۈپ هيلىقى دەرەخنىڭ ئاستىغا

. قاردىم ، هيلىقى بوۋاي ماڭا تىكىلىپ تۇرغان ئىكەن

. مەن ئۇنۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كىلەي ، سىلەر ساقلاپ تۇرۇڭلا—

. هيلىقى بىرووۋنىۋېك يەنە ئالدىمنى توستى

بوپتۇ ، بېرىپ كەسۇن ، هيلىقى خوتۇن بويرۇق قىلىپ — ئەمما هىلە ئىشلىتىمەن دىسەڭ مۇنۇ—

!ئادىشىڭنى مۇشۇ يەردىلا جايلىۋېتىمەن ئۇختۇڭما ؟

ئۇنۇڭغا ئالىيىپ قارۋەتكەندىن كىيىن جاۋاپ قايتۇرمايلا ئىتتىرۋېتىپ يولنىڭ قارشىسىغا

ماڭدىم ، بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىشىمغا ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى . مەن نىمە

. دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم

. ئۇ يەرگە بارماسلىقىڭ كېرەكتى بالام . بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى —

مېنىڭ ئىستىيارىم ئەمەس بوۋا . كەينىمنى ئىشارە قىلدىم .— بوينۇمدا سىرتماق بار . —

. بارمىسام ئۆلگىنىم شۇ

. بارساڭمۇ ئۆلگىنىڭ شۇغۇ ، ساڭمۇ بىرە خەتەر يېتىپ قالامىكىن دەيمەن —

. خاتىرجەم بولۇڭ ، خۇدا خالىسا چوقۇم قايتىپ كىلمەن —

ئۇ خۇددى مەدى ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ماڭا تىكىلىپلا تۇراتتى . ـ مەيلى بالام ئۆزەڭنى ئاسرا

. ئەمىسە

. مەنمۇ گەپ سۆز قىلمايلا كەينىمگە بىرلۇپ مېڭىشىمغا مېنى تۇۋلىدى . ـ توختا بالام . بۇنى ئېۋالغىن

.ئۇ قولىدىكى ھېلىقى ئۈزۈكنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى

' . بۇ سىزگە مەنسۇپ نەرسە ، يۇتۇرۇپ قويسا سىزگە يۈز كىلەلمەيمەن —

تاقىۋالغىن ، سېنى خىيىم خەتەردىن ساقلايدۇ ، بۇنى ماڭا قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەر . شۇنداق —

. دىگىنچە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى

رەخمەت ! چوقۇم سىزگە قايتۇرۇپ ئەكىپ بېرمەن . شۇنداق دەپ ئۈزۈكنى بارمىقىمغا —

. تاقاپ كەينىمگە ياندىم . ـ ھەراست ئىسمىڭىزنى دەپ بېرەمسىز

. ھوي راست ئىسمىمنى ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئىسمىم سىدىق —

.ماقۇل سىدىق بوۋا . ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ —

بازارنى كىسىپ ئۆتۈپ مەھەللىنىڭ ئايىقىغا ئۆتتۇق . ئۇيەردە ئىككى دالا ماشىنسى بىزنى ساقلاپ

تۇرغان ئىكەن ، قارىغاندا خېلى پۇختا تەييارلىق قىلىپتۇ بولار دىدىم ئىچىمدە . تەخمىنەن ئۈچ

سائەت ماڭغاندىن كىيىن ماشىنا توختىدى . ئەمىز پەس قۇم بارخانلىرىنىڭيايىقلىنىپ قۇسۇۋېتەي دەپلا

. قالغان ئىدىم . ماتىيەنمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ ئىككى قېتىم ياندۇرۇپ بولغان ئىدى

چۈشكىلار ئەمدى پىيادە ماڭىمىز . ھېلىقى خوتۇن ماشىنا شوپىرىغا بىرنېمىلەرنى سۆزلىگەندىن— . كېيىن ئىككى ماشىنا كەينىگە قاراپ كېتىپ قېلىشتى

ئوھوي ما قۇمنى ، نەدىن كەلگەن قۇمدۇ بۇ ؟! قۇم بارانلىرى ھەققەتەن ئىگىز بولۇپ ماشىنا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ قۇملۇقتىكى سەپىرىمىز رەسمى باشلانغان . ئىدى

تۇمۇردىكى قاننى قاينىتىۋەتكىدەك ئىسسىق ، ئاخشىمى جاندىن ئۆتكىدەك سوغاق ئادەمنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى ، مانا بۈگۈن قولىمىزدىكى خەرىتە بىلەن كومپاسقا قاراپ ماڭغىلىۋاتقىنىمىزغا ئىككىنچى كۈن بولدى .

تۆت ئەتراپ قۇمدىن بۆلەك نەرسە كۆرەنمەيتتى . سىدىن بوۋاي ئون سەككىز كۈندە بارغان بولسا بىزگە يەنە ئون كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت بار دېگەن گەپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ ساراڭنى تاپقىلى بولامدۇ تېخى ؟

ئەلى ! بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىدىم ھېلىقى خوتۇن ئون بەش مېترچە كىلدىغان قوم — بارخىنىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە كۆمۈلۈپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرسەتتى ، مەن پەسكە سىرىلىپ چۈشۈپ . ھىلقى نەرسىنىڭ يېنىغا ماڭدىم

تۆز خالتىسى . .ئۇنىڭ ئاغزى كىچىك تىشلىگەن ئانچە كونىراپ كەتمىگەن ، ئىپلەپ چىقىرىلغان ۋاقتىغا قارسام ئەمدىلا بىر ئاي بولغان ئىكەن ، دېمەك ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ . ماڭغان يۆنىلىشىمىز توغرىكەن

نىمكەن ؟ —

. تۆز خالتىسكەن ، تۆزنى ئىشلىتىپ بوپتۇ —

. تۆز خالتىسى ؟ تۆزنى نىمگە ئىشلىتىدۇ؟ ھەيران بولۇپ سورىدى ھېلىقى خوتۇن —

تۆز ئادەمگە ماغدۇر كىرگۈزىدۇ ، ئادەم بەك تەرلەپ كەتكەندە ، ياكى ھالسىزلىنىپ كەتكەندە — تۆز ئىستىمال قىلسا ياخشى بولۇپ قالىدۇ . دېدى ماتىيەن . — تۇرمىدە تاماققا تۆز قاتماسلىقىدىكى

. سەۋەپمۇ شۇ . جىنايەچىلەرگە كۈچ كىرسە ئۆلارنى باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىدۇ

. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چۆشەنگەندەك بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق

خان ، قارىغاندا باشلىقىڭىز بولالماي قېلىپتىكەنمۇ نىمە؟ نەچچەكۈن ماڭمايلا بىرخالتۇزنى يەپ —

. بوپتۇ ، ئۇ يەرگە بارغىچە ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتمەس ھە ؟ مەسخىرە ئارلاش سورىدىم ئۇنىڭدىن

ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتسە ئۆلكىنى بولسىمۇ ئەپ كېتىمىز ، بولمىسا ئۇنىڭ ئورنىغا سىنىڭ —

ئۆلۈكىڭنى ئېلىپ كېتىمىز . مىڭگىلا ! زەردە بىلەن ۋارقىراپ بىزنى نۇقىدى

مانا بۇگۈن توختىماي ماڭغىلى سەككىزىنچى كۈنى ، كەچ كىرگىچە ھېرىپ پۇت ـ قولدا جان قالمىغان ئىدى . كەچ كىرىشى بىلەن ھەممەيلەن چېدىرلىرىمىزنى تىكىپ ، كەچلىك تامىقىمىزنى يەپ ئاران دىگەندە چېدىرىمىزغا كىرىپ يېتىۋالدۇق ، ماتىيەننىڭ ھالىمۇ مېنىڭكىدىن قېلىشمايتتى ، ئەمما نىملا دىگەن بىلەن ھەربىلىكتە چېنىققان ئادەمگە ئانچە ئېغىر كەلمىگەندەك قىلاتتى. يېرىم كىچىدە تەرىتىم قىستاپ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ چېدىرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەمدى بېشىمنى چىقىرىشىمغا تاپانچىنىڭ ئۇچى ئوڭ چېكەمگە تىرەلدى ....ئاناڭنى بۇلار كىچىچە بىزنى كۈزىتىپ يېتىپتىمۇ نىمە ؟

قاچماقچىمىدىڭ ؟ ھېلىقى خوتۇننىڭ ئاۋازى بوش ئاڭلاندى ، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق . — كەتكىڭ بولسىمۇ ئىككى قولۇڭنى بۇرنىڭغا تىققۇزۇپ كەتكۈزۋېتىمەن . ھېچنىمنى ئەپ كېتمەن دىمە .

ھە ...! ئەمدى قاچمايمەن دەپ چېدىرنىڭ ئىچىگە چىقىرۋەتسەم بولامتى ؟ —

ئەمسە ئاۋۇ يەرگە بېرىپ چىقا ، ئۇ شۇنداق دىگىنچە تاپانچا بىلەن ئالدى تەرەپنى —

. كۆرسەتتى . ئالدىمىزدىكى كىچىك بارخاندىن پەسكە چۈشتۇم ئۇمۇ كەينىمدىن ئەگىشىپ كەلدى

خېنىم ، مەن ئۇندا بىزەڭلىكنى ئۆگەنمىگەن خاپا بولماي كېتىپ تۇرامسىز . گېپىمنىڭ ئايىقى — چىقمايلا ئۇنىڭ كەينىدى ھېلىقى بىرۋۇنۇۋېك كەلدى . قارىغاندا بۇلارمۇ بوش ئەمەسكەن ، نەچچە .كۈندىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي كىلىۋاتىدۇ ، بۇلاردىن قۇتۇلمىغىم تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ

ھە ئەمدى ، خىجىل بولمىساڭمۇ بولىدۇ ، ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلا ! ئۇ شۇنداقدەپ كەينىگە —
. بۇرۇلۇپ كىتىپ قالدى

. چىدىرغا كىرسەم ماتىيەن ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ

ئۇخلىيالمىدىڭمۇ ؟ —

ياق ، قانداق ئۇخلايمەن . بۇلارنىڭ دورىدا ھاجەتكىمۇ چىققىلى بولمىسا ، ھىي دىگىنە —
بۇلارنىڭ سەندە نىم ئۆچى بار ؟ نىمشقا قۇملۇقتا چۆكىلەۋېرمىز ؟ ماتىيەننىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك
.قىلاتتى

مۇنداق گەپ ، مەن سىنى تۆرمىدىن چىقىرۋالمەن دەپ بىر ئاسارە ئەتىقە سودىسى قىلدىغان —
بىرسىگە بىر يىلدىن ئۇشۇق ئىشلىدىم ، ئۇنۇڭدىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگەندىم . ئۇ ماڭا ياردەم قىلىپ
. سىنىڭ جازا مۇددىتىڭنى قىسقارتىپ تۆمىدىن تىزرەك چىقارماقچى بولغان

ھە راست ، تۆرمىدىن چىقىشتىن نەچچە كۈن بۇرۇن تۆرمە ساقچىسى سىنىڭ جازا مۇددىتىڭ —
. ئون بەش يىلغا چۈشتى دىگەن

ھە ماڭىمۇ شۇنداق دىگەن ، ھىلىقى ئالىم دىگەن ھارامىلىقنى ساڭا دەپ بەردىمغۇ ،مىنى تۆرمىگە
سولاتقۇزغان ئادەم ، مەن بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن نەچچە كۈن بۇرۇن ئۇ مىنى قانۇن
. ئورۇنلىرغا چېقىپتۇ

نىمە ؟يەنە نىمىگە چېقىپتۇ سىنى ،؟ بىرە ئىش قىلىپ سالمىغانسەن ؟ —

. نىمە دەپ چاقاتتى ، مىنىڭ ئاسارە ئەتىقە ئەتكەسچىلىكى بىلەن شوغۇللاندى دەپ چېقىپتۇ —
سەن راست شۇنداق قىلدىڭما ؟! ئۇ غەزەپ بىلەن تىكىلدى ماڭا . ئۇنىڭ تىكىلىپ قارشىدىن —
مەنمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم شۇندقتىمۇ راستىنى دىمەي ئامال يوق

ۋاي شۇ سىنى دىمىسە پوق بامۇ بۇ ئۆلۈكنىڭ نەرسىسى بىلەن تۇتۇشۇپ . بىركۈن بولسىمۇ —
تىزراق چىقىرۋالاي دىدىم شۇ . بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇمۇ جىمىپ قالدى . ئۆزىمدىكى سولنى
يۇماقچى بولۇپ چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم .— شۇ ئالىم دىگەن بىر ئايچە بۇرۇن قۇملۇقتا قەدىمى

خارابىلىك بايقاپتىمىش ، تەكشۈرۈشكە كەلگەن بولۇپ يۇقاپ كېتىپتىمىش ، شۇنىڭ بىلەن بۇلار . قۇتقۇزۇشنى باھانە قىلىپ ئىككىمىزنى ئېلىپ ماڭمامدۇ

مېنى نىمگە ئېچىقىدۇ ئەمسە ؟ سەن بولساڭلا بولمىدىمۇ .بىلمەيمەن بىر بولسا مېنىڭ ياردەم — . قىلماسلىقىمدىن ئەنسىردى ، بىر بولسا مېنىڭ ئۇ يەر توغۇرلۇق بىلدىغىنىمنى بىلىدۇ

سەن ئۇ يەرگە بېرىپ باققانما ؟ —

ياق ، ھېلىقى بازاردا بىر قېرى بىلەن كۆرۈشتىمغۇ ، شۇ بېرىپتىكەن . ماڭا دەپ بەردى ، — قۇلۇمدىكى بۇ ئۇزۇكنىمۇ شۇ يەردىن ئېلىپ چىققانىكەن ، ئۇ يەردە نۇرغۇن بايلىق باركەن ، مېنىڭچە ئالىم ئۇ يەرگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس بايلىق ئۈچۈن . .. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سىرتتىن . قۇرالنىڭ بەتلەنگەن ئاۋازى ئاڭلاندى

ئىككىڭلارنىڭ گېپى تۈگىدىمۇ ، ئەمدى ئېغىزىڭنى يۇمۇشمساڭ مىنىڭدىن رەنجىشمە . ئۇ — شۇنداق دەپ كىتىپ قالدى . بىر بىرىمىزنىڭ كۆزىگە ئۇلار گېپىمىزنى ئاڭلاپتۇ دىگەن مەندە قاراپ .... قويۇپ يېتۇۋېلىشتۇق

باب — 6

جەسەت

ئاداش قاچان بارمىز ئۇ يەرگە ؟ چىڭقى چۈشنىڭ پىشقىرىم ئىسسىقىغا چىدىمىغان ماتىيەن . — . راست گەپ قىلسام مەنمۇ چىدىمايۋاتاتتىم

مەنمۇ بىلمەيۋاتىمەن ، ھېلىمۇ ماڭغىلى ئون كۈن بولدى . يىمەكلىكلىمىزنىڭمۇ يېرىمى تۈگەپ — بولدى . مەنمۇ پىشانەمدىكى تەرنى سۈرتۈپ ئۇلەۋرەلمەي قالغانىتىم ، ھېلىقى خوتۇندى بۆلەك ئالتىسى جىن چاپلاشقاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كىلىۋاتاتتى . ئەجىبا ئۇلار گاچىمۇيا ؟ نىم . بولسا بولمامدۇ . يولۇمغا ماڭايلا

ھوي خان . ھېلىقى ئالىم دىگەن باشلىقىڭىز ، يوقاپ كەتكىلى ئون بەش كۈن بولۇپ قالدى—

، بۇتاپقۇچە ئۆلكىمۇ قاق بولۇپ كەتكەندۇ . بۇنچە قىينالغۇچە قايتامدۇق يە ؟! ئۇلارنى دەپ بىزمۇ ئۆلۈپ بەرمەيلى يانا

!شۇنى دىگىنە ؟

. ماتىيەنمۇ مىنىڭ پىكرىمنى قوللىغاندەك قىلىپ گەپ قىستۇردى

مەن ئىككىلارغا خىلى كەچلىك قىلىۋاتىمەن بىلىپ قويۇش ، بىر بولسا بىز بىلەن مېڭىشسەن

، بىر بولسا مۇنۇ نەرسىلىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ كەينىڭلارغا قايتىسىلەر ئىككىسىدىن بىرنى

. تاللارلار ! ھېلىقى خوتۇن كۆزىمگە تىكىلىپ تۇراتتى

گەپ سۆز قىلماي ئۇنى ئىتتىرۋېتىپ ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدىم ، ئۇلارمۇ كەينىمدىن ئەگىشىپ

مېڭىشتى ، باشقى تاللىشىم يوق ئوخشايدۇ ، يىمەكلىك بولمىسا ئون كۈنلۈك يولنى قانداق بېسىپ

. بولمەن ، ئۆلگىنىم شۇ ئەمەسمۇ

كەچ كىرىپ تامىقىمىزنى يەپ يەنە چىدىرغا كىرىپ يېتىشتۇق . ھېرىپ كەتكىنىمىزدىن

بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپ قېلىشتۇق ، ماتىيەن بولسا خورەكنى باكاغا بەرگەندە تارتىپ مىنىڭدىن

. تېز ئۇيقۇغا غەرىق بولغان ئىدى

بىر چاغدا تۇيۇقسى چىرقىرغان ئاۋاز بىلەن چۆچۈپ ئۇيغۇنۇپ كەتتى ،نىم بولغىننى ئاڭقىرالماي

ئايىقىمنىمۇ كىيمەي سىرتقا يۈگىرەپ چىقتىم ، چىدىرنى ئوتڭ تەرىپىگە قاراپ مەنمۇ قورقىنىمدىن

كەينىمگە داجىپ يىقىلىپ چۈشتىم ، ئالدىمدا ھېلىقى بىرۋۇنۇڭ كۆزلىرنى مەن تەرەپكە

چەكچەيتىپ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۇرگىدەك ھالدا ئۆلۈك ياتاتتى ، ئۇنۇڭ بەدىنى سوغاقتىنمۇ

ياكى باشقا بىر سەۋەپتىنمۇ قارداپ كەتكەن ئىدى . ئاڭگىچە ماتىيەنمۇ يۈگرەپ چىقىپ قورقىندىن

كەينىگە داجىپ كەتتى . ھېلىقى خوتۇن سەبدىشىنىڭ ئۆلىمگە قايغۇردىمۇ ياكى قورقۇپ كەتتىمۇ

ھېچ ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۇ يىغلاۋاتاتتى . قالغان تۆتىسىمۇ قولىغا قۇرال ئالغىنچە چىدىردىن

چىقىپ سەبدىشىنىڭ ھەيرانلىق ھەم قورقۇش ئىچىدە سەبدىشىنىڭ جەسدىگە قاراپ تۇراتتى .

بىرچاغدا ھېلىقى خوتۇن يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ بەتلىگەنچە بىزگە قاراتتى ،

. قالغانلامۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوراللىرنى بىزگە قاراتتى

ئىپتە ؟ ئۇنى نىمە قىلىشتىك ؟ ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن بىزنى ئىپتۈپتىشتىن يانمايدىغانلىقى —

.... چىقىپ تۇراتتى . تەپكىنى باسسىلا كەتكىنىم شۇ

توختاڭلا توختاڭلا .... بۇنى بىز قىلمىدۇق ، راسلا بىز قىلمىدۇق ماتىيەن بىلەن ئىككىمىز —

قورقۇپ كەتكىنىمىزدىن قوللۇرۇمىزنى كۆتۈرۈپ كەينىمىزگە نەچچە قەدەم چىكىنگەن ئىدۇق . نىملا

. دىگەن بىلەن ئۇلار تەڭلەپ تۇرغان نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس قورال دە ، كىممۇ قوقماي تۇرالايدۇ

سەنلە قىلىشمىساڭ كىم قىلىشىدۇ ؟ ئۇ ساڭا قارايمەن دەپ مۇشۇ يەردە كۆزەتتە تۇرغان تۇرسا —

، جەسىدىمۇ چىدىرىڭنىڭ يىنىدىن چىققان تۇرسا ، ئىپتە نىم قىلىشتىڭ ؟ھىلىقى خوتۇن ئەلپازىنى

بۇزغانچە كىلىپ تاپانچىسىنى پىشانەمگە تىرىدى . قالغانلارمۇ كىلىپ قۇراللىرنى بىشىمىزغا تەڭلەپ

.تۇراتتى ، ئىككىمىزنىڭ جىنى قىل ئۇستىدىلا تۇرۇپ قالغان ئىدى

ۋاي راست دەيمەن ، بىز قىلغان بولساق ئاللىقاچان قىچىپ كەتمەيۋ يەدە بىخارامان ئۇخلاپ —

! ياتامدۇق ؟ ئويلاپ باقماسىز

!ھەقاسىڭ بىز تاش سانىغىچە قۇم سانايدىغان نىملە ، نىمە رەزىل پىلانلىرىڭ با كىم بىلدۇ ؟—

ئۇ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ ، بىزدە زەھەر بولمىسا ، ھەممىسى سىلەر بەرگەن نەرسىلە ماتىيەننىڭ —

. بۇ گىپى ئاڭلاپ ھەممىمىز ئۇنۇڭ چىرايىغا قاردۇق

.. سەن قانداق بىلسەن ؟ ھىلىقى خوتۇن تاپانچىسىنى ماتىيەنگە قارىتىپ —

ھەربىلىكتە ئۆگەنگەن . ئۇنىڭ بەدىنى قاراداپ كىتىپتۇ . ئىنتايىن كۈچلۈك زەھەر بولمىسا —

. ئادەمنىڭ بەدىنى نەچچە سائەتتىلا بۇنداق قاراداپ كەتمەيدۇ

ئاڭلىغانسىز بۇنى بىز قىلمىدۇق بىزگە ئىشىنىڭ ، ئەگەر سىلەرنى يۇقىتىش غەرىزىمىز بولسا —

سىلەر بۇ يەرگىچە كىلەلمەيسىلەر . ئۇ گىپىمىزگە ئىشەندى بولغاي تاپانچىسىنى ئاستا

. چۈشەردى .ئەمما قالغانلار قورالنى چۈشەرمەي يەۋىتىدىغان ئەلپازدا بىزگە تىكىلىپ تۇراتتى

بولدى قورالنى چۈشىرۋىلىڭلار ، ئۇلار قىلماپتۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق بوش چىقۋاتاتتى ، —

ئۇ ئاستا جەسەتنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ ئولتۇردى ، دارىغاندا ئۇ يېقىن سەبدىشى ئىكەن .ماتىيەن

. ئىككەيلەن بىربىرىمىزگە قاراپ قويۇپ جەسەتنىڭ يېنىغا ماڭدۇق

سىلەرچە ئۇ قانداق زەھەرلەنگەن ؟ —

ئۇنىڭ كىيىمنى سالدۇرۇپ كۆرپاقساق ئۇقمىز . ماتىيەن شۇنداق دىگىنچە جەسەتنىڭ كىيىمنى—

سېلىشقا باشلىدى . جەسەت قاتتىق قېتىپ كەتكەن ئىدى .ئۇنۇڭ پۇت قولنى ئىگىش مۇمكىن

بولمايۋاتاتتى .،ـ پىچاق بېرىڭ كىيىمنى يىرتمىساق بولمىغۇدەك . ھېلىقى بوتۇن ماتىيەننىڭ

. كۆزىگە قارىۋەتتى . ئۆزلىگە خەتەر يەتكۈزىشتىن ئەنسىرگەن ئوخشايدۇ

پىچاق بېرىڭلار ! كەيىنگە قاراپ قويماستىن بويرۇق قىلدى . ئۆتكۈر ھەربى خەنجەرماتىيەنگە —

ئۇزۇتۇلدى ، ئۇلار قۇراللىنى يەنە بىزگە تەگلەپ تۇراتتى ، قارىغاندا بۇ خوتۇندىن باشقىسى بىزگە

. ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى

ماتىيەن بىرووۇنۇۋېكنىڭ مايكىسىنى پىچاق بىلەن كىسىشكە باشلىدى . كىسىپ بولۇپ

سالدۇرماقچى بۇلۇپ جەسەتنى كەينگە ئۆرۈپ ئۈستىنكى بەدىنىنى يالىڭاچلاپ قويدى ، قورقۇپ

كەتكىنىمىزدىن يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى ، چۈنكى ئۇنۇڭ دۈمبىسىنىڭ ئىككى يېرىدە بىگىز

بىلەن تەشكەندەك ئىككى تۆشۈك تۇراتتى تۆشۈكنىڭ ئەتراپى تەخسە چوڭلىقىدا قاپقارا قارداپ

. كەتكەن ئىدى . ھەممەيلەن بىر بىرىمىزگە قاراپ قىلىشتۇق

. ئۇنى بىرنەسە چاققان ئوخشايدۇ . ماتىيەنگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم مەن —

شۇنداق ئۇنى بىرنەرسە چىقىپتۇ ، ئەمما قانداق نەرسىنىڭ نەشترى شۇندەق چوڭ بۇلدۇ ؟ قارا—

. بۇ تۆشۈكلەرگە ! نىمانداق چوڭ . زەھىرىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك

چوڭ بولسا بىرە شەپە چىقار بولغىدى . سىلەر كېچە بىرە شەپە ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ھېلىقى —

. خوتۇنغا قاراپ سۆزلىدىم

ياق بەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن ، سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ كەيىندىكى ھەمرالىرىغا قاراپ —

. قويدى

ياق بىزمۇ ھېچنىمنى سەزمىدۇق ! بىزمۇ بەك قاتتىق ئۇخلاپ كىتىپتىمىز .ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن — بىرسى سۆزلەپ . ـ تۈنۈگۈن ئەكپەرمۇ سەل باشقىچە تۇرغان . بەلكىم ئۇمۇ مۇگىدەپ قىلىپ . ھېچنىمنى سەزمىگەن گەپ

ئەسلى ئۇنىڭ ئىسمى ئەكپەر ئىكەندە . شۇنچە تەمبەللىك ئادەمنى ئۇننىمۇ چىقارماي ئۆلتۈۋەتكەن نىمىدۇ ؟ .... يىلان ! ياق يىلاننىڭ زەھەرلىك چىشى ئىككى . چايانمۇ . يا ....توغرا

. تاپتىم . چايان ! مىنىڭ بۇ گىپىمدىن ھەممىسى ھەيران قىلىشتى —

چايان بولسىمۇ ، ۋايجان دەپ ۋارقىراپ قويىا بولغىدى .؟ ماتىيەن مىنى مەسخىرە قىلغاندەك — . تەلەپپۇزدا سۆزلەپ

ياق ، ۋايجان دەپ ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگىرەلمەيسەن . مەن ھىلىقى بوۋايدىن ئاڭلىغان ، ئۇلار — قۇملۇقتا شۇنداق يوغان چايانىنى كۆرىپتىكەن . ئۇنىڭ چوڭلىقىقويدەك كىلىدىكەن ، قاپقارا بولۇپ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگىدەك قورقۇنۇشلۇقكەن . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى چېقىۋىلىپتىكەن ئۇمۇ بىر ئېغىز ئۈن چىقىرالماي نەچچە سىكونتتىلا ئۆلۈپ قاپتۇ . بۇ گىپىمنى ئاڭلاپ ھەممىسى . قورققىنىدىن كىكزلىرنى چەكچەيتىپ قىلىشتى

ئەگەر راست قويدەك يوغان چايان بار بولسا جەسەتنىڭ شۇنچە تېز قارداپ كەتكىنىگە ھەيران — قالمساق بولغىدەك . ماتىيەن جەسەتكە بىر قاراپ قويۇپ يەنە گەپ باشلىدى ،— بىز ئەتراپقا قاراپ . باقىنى ئۇنچە يوغان چايان بولسا چوقۇم ئۇنىڭ ماڭغان ئىزى بولىدۇ

ھەربىلىكتە تۇرسا باشقىچە بۇلىدىكەن ھە؟ بىلمەيدىغاننىڭ يوقكەن سىنىڭ ! ماقۇل بىز — . ئەتراپنى كۆزىتىپ باقايلى . شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز ئەتراپنى چارلاشقا باشلىدۇق

بۇ يەردە بىر غەلىتە ئىز باركەن قاراڭلا . ھىلىقى خوتۇننىڭ سەبداشلىرىدىن بىرسى توۋلىغان — ئىدى ، ھەممىمىز ئۇ تەرەپ قااپ ماڭدۇق ، ھەققەتەن شۇنداق يوغان ئىز بار ئىدى . ئىككى رەت قاتار كەتكەن ئىز ئالدى تەرەپكە تۇتاشقان ، بۇ ئىككى رەت ئىزنىڭ ئارلىقىمۇ بىر مىتىردىن

. ئاشاتتى

ئەلى سەن راست دەپسەن ، ماتىيەن بۇ ئىزلارغا تەپسىلى قاراپ . ـ ھەقىقەتەن چايانلىك — ئىزىكەن ، مەن بۇنداق چوڭ چايانىنى كۆرمەپتىمەن ، ئۇنىڭ ئاياق ئىزىمۇ بىرمىتىردىن ... ئاشىدىكەن

بۇياقتىمۇ باركەن قاراڭلا ، ھېلىقى خوتۇن بىزنى چاقىرغان ئىدى . ماتىيەن ئىككىمىز — . بىربىرىمىزگە بۇ نىمىش بوپ كەتتى دىگەن مەنىدە قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدۇق . دەرۋەقە ئۇخشاش ئىز بىزنىڭ چېدىرنى چۆرگىلەپ چېدىرنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان

ئادەمنى ئەجەپ قورقىتىغۇ بۇ بىرنىمە ، بىزنىڭ چېدىرنى چۆگىلەپ تۇرسە خاتىرجەم ئۇخلاپ — ! يېتىپتىمىز دىسە

قاراڭلا بۇ ئىزلارنىڭ ئايىقى چىقماپتۇ بۇ نىمىش ؟ ماتىيەننىڭ گىپىنى ئاڭلاپ بۇ ئىزلارنى — بويلاپ كۆز يۈگۈرتتۇم ، ئوتتۇز مېتىر نېرىدا ھېچنىمە يوق ، ئىزمۇ يوق . ھەممەيلەن ھەيرانلىق بىلەن . ئۇ تەرەپكە يۈگرەشتۇق

بۇ نەرسە قاياققا كەتكەندۇ ، يا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتىمۇ يا .ئىزىمۇ يوق ئۆزىمۇ يوق — ئادەمنى قورقۇتتىغۇ بۇ ؟

! توختاڭلا —

. ھەممىمىز ئورنىمىزدا قېتىپلا قالدۇق ، ماتىيەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇراتتى

قاراڭلا ئۇ قۇمنىڭ ئاستىدا ئوخشايدۇ . ئۇ شۇنداق دىگەچ ھېلىقى ئىز توختىغان يەردىكى — . ئازراق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇم دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ

ھەقىقەتەن ئالدىمىزدا ئىز ئۈزۈلۈپ قالغان يەردە كىچىك بىر قۇم دۆۋىسى تۇراتتى . تازا . ئىنچىكىلەپ قارىمىسا بىلگىلى بولمايتتى . ھەممىمىز قىمىر قىلماي قاراپ تۇراتتۇق

! يېقىنراق بېرىپ قاراپ باقىنى ، ماڭايلى —

ھەممەيلەن ئاستا قەدەملەپ ئۇ يەرگە يېقىنلاپ كىتىپاراتتۇق ، يۈرۈكۈم ئەنسىز سوقۇپ كېتىپاراتتى .

ئىككى ـ ئۈچ مېتىر قالغاندا تۇيۇقسى قوم دۆۋىسى كۆتىرلىپ ئاستا پەسلەپ قالدى ،خۇددى قۇم ئاستىدا بىرنەسە نەپەس ئېلىۋاتقاندە قىلاتتى . ھەممىمىز كەينىمىزگە نەچچە قەدەمېنىپ كەتتۇق .

. قۇرقۇپ كەتكەندىن يۈرىكىمىزنىڭ گۇپۇلدەپ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى

قۇرالنى بەتلەڭلەر ! ھېلىقى خوتۇننىڭ بوش ئاڭلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، ھەممىسى قوراللىرنى—شاراقلىتىپ بەتلەشتى . ماتىيەن بىلەن ئىككىمىزنى قولىدا ھېچنىمە يوق . مەنغۇ پىچاقنى ئىشلىتىشنى ماتىيەندىن ئۈگەنگەن ئەمما تاپانچا ئېتىشنى بىلمەيمەن . ئەگەقۇم ئاستىدىكى نەرسە بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا جاننى ئېلىپ قاچماقتىن باشقا ئامال يوق. ھېچ بولمىغاندا ماتىيەندە بولسىمۇ يۈرىكىم

. جايىدا بولغان بولاتتى ئەمما ...ھەي

بىزگىمۇ قورال بەمەمسىلە ؟ بىز قانداق قىلمىز ؟ ھېلىقى بوتۇنغا قاراپ ئاستا پىچىرلىدىم مەن—

! بىزدە بولسا يىتەرلىك ، ئەنسىرمىسەڭمۇ بولدۇ —

ئەمما ئۇنداق دىگىنىڭلار بىلەن ..... گېپىمنىڭ ئايىقى تۈگىمەستىن قۇم دۆۋىسى ئاستا — كۆتىرلىشكە باشلىدى . قۇملار ئاستا سورۇلۇپ چۇشۇپ قاپقارا بىر نەرسە كۆزىمىزگە كۆرۈندى . ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام سىدىق بوۋاينىڭ دىگىنىگە ئىشەنمەسكەنمەن . ياپانا ! خۇدا ئۆزەڭ بىر ساقلىغىن بۇجاننى .....ئاستا كەينىمىزگە چېكىنىشكە باشلىدۇق، ھېلىقى چايان ئاستا ئۆرۈلۈپ

. بىزگە قارىدى

ئېتىڭلا ! ھېلىقى خوتۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىنقۇلاقنى يارغىدەك ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ— قۇملۇقنى لەرزىگە سېلىۋەتتى . ئۇلار توختىماي ئوق ئۈزۈۋاتاتتى . ھېلىقى چايان توختىماستىن چىرقىراپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتاتتى . تۇيۇقسىز ئوق ئېتىش توختاپ قالدى ، مەنمۇ قۇلۇقمنى ئىتتىۋالغان قوللىرىمنى ئاستا چۇشۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى چايانغا قارىدىم ، ئۇ مىدىرلىماي

. ياتاتتى

. ئۆلدىما ؟ ئاستا پىچىرلىدىم ھېلىقى خوتۇنغا —

شۇنداق ئوخشايدۇ ! بىرىپ قاراپ بېقىڭلار ، ئۇ شۇنداق دىگەچ ھەمرالىرىغا بۇيرۇق —

چۈشۈردى . ئاردىن بىرسى چايانىنىڭ يېنىغا ئاستا يېرىپ قۇرالىنىڭ ئۇچى بىلان ئۇنى ئىككىنى . نۇقۇپ قويدى

ئۆلۈپتۇ ! شۇنداق دىگەچ ئوق تەككەن ياردىن ئېقىپ چىققان سۇيۇقلىقنى تاپانچىسى بىلەن — ) . ئىلىپ بىزگە كۆرسەتتى

ئۆلمەپتۇ قاچ ! ھىلىقى خوتۇننۇڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ھەمراھى ئورنىدا قېتىپلا — قالدى ، نەچچە سىكونت ئۆتكەندىن ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىشقا باشلاپ قۇمنىڭ ئۇستىگە يىقىلدى ، ھىلىقى چايان نەشتىرىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سانجىغان ئىدى . كۆزىمىز ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم ، نەچچە سىكونت ئىچىدە يەنە بىرسى كۆز ئالدىمىزدىلا جان بەردى . نىم بولغىنىنى . ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ قالغان ئىدىم

ئەلى قاچ ! ماتىيەنىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئالدىمغا قارسام ھىلىقى چايان ماڭا قاراپ يۆگىرەپ— . كىلىۋېتىپتۇ ، ئۇنىڭ سۈرئىتى شۇنداق تىز بولۇپ ئادەمدىنمۇ ئېشىپ چۈشكىدەك

ئارقامغا قاراپ قېچىشقا باشلىدىم ، ئالدىمدا ھىلىقى خوتۇنلار توختىماستىن چايانغا قارتىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى . ئوق تەككەچكىمۇ چايانىنىڭ سۈرئىتى سەل ئاستىلاپ قالدى ئەمما توتىماي مىنى قوغلاۋاتاتتى ، كەينى كەينىدى ‹ قاس › قىلغان ئاۋاز بىلەن ئوق ئاۋازى توختاپ قالدى ، ھىلىقىلارمۇ قورالىنى ئېتىۋېتىپ كەينىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى ،.... ئاناڭنى مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ ئوق تۈگەمدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنۇ لالمىۇ مىنىلا قوغلايدىغۇ ؟! يا ئوق ئوق ئۆتمەگەن بۇ نىمىگە شۇ خىيال بىلەن قېچىپ كىتىۋېتىپ كىچىك ئورەككە دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. ئارقامغا قارسا ھىلىقى چايان ئىككى ئۈچ مىترلا قالغان ، ئورنۇمدىن تۇرغىچە يىتىشۋالغىدەك ، جاننى تىكىپ ئۆملەشكە باشلىدىم ، يۈرىكىم ئاغزىمغىلا كەپلىشىپ قالغان ئىدى ، نەشتىرىنى بىر سانجىسىلا ئۆلدۈم دىگەن گەپ . تۇيۇقسىز بىرنەسە پۇتۇمنى چىڭ قىسىپ ئارقامغا سۆرەشكە باشلىدى . كەينىمگە بۇرۇلۇپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن ئىدىم .چايان قىسقۇچى بىلەن پۇتۇمنى چىڭ قىسىپ نەشتىرنى . سانجىش ئۈچۈن ئىگىز كۆتىرىپ تۇراتتى

ئۆلدۈم ! كاللامدا شۇ خىيالدىنبۆلەك ھىچ نەرسە كەلمىدى ، ھەممە نەرسىدىن ئۈمۈد ئۈزىۋەتكەن

ئىدىم ..... ئاااااااااااااااا .قورقۇپ كەتكىنىمدىن ئىتىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم ، چايان نەشتىرىنى

. كۆكرىگىمگە قارتىپ شىلتىغان ئىدى

تۇيۇقسىز قۇلاق تۈۋىمدىن بىرنەسە ‹ۋىژ › دىلىپ ئۆزۈپ ئۆتۈپ چاياننىڭ قويرىقىنى قاق ئوتتۇردىن

ئۈزۈۋەتتى . چايان چىرقىرغىنچە كەينىگە نەچچە قەدەم چېكىنىپ يەنە ماڭا قاراپ ئېتىلدى .... تاك

تاك تاك قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چاياننىڭ بېش چاچراپ كەتتى دە ئورنىغا گۈپلا قىلىپ

يىقىلدى . نەچچە سكونت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن نىم بولغىنىنى بىلمەيتۇلتۈرۈپلا قالدىم

، پۈتۈن بەدىنىم چىلىق چىلىق تەرگە چۆمگەن ، ئۆزەمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەي يۈزۈمگە

ئىككى شاپىلاق سالدىم ، ھاياتىكەنمەن خۇداغا شۈكرى ھاياتكەنمەن . بۇرۇلۇپ كەينىمگە قاردىم

مەندىن نەچچە مىتىر نېرىدا ماتىيەن قولىدا تاپانچىنى چايانغا قارتىپ تۇراتتى ، تاپانچىنىڭ ئۇچىدىن

تېخىچە ئىس چىقىپ تۇراتتى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ چايانغا قاردىم ، نېرىداراق ئۇنىڭ ئۈزۈلگەن

. قويرىقى بىلەن ھەربى خەنجىرى تۇراتتى

. رەخمەت ساڭا دوستۇم ساڭا يەنە بىر قېتىم قەرىزدار بولدۇم —

نىمگە رەخمات ئېيتىسەن ؟! سەن بىرنىمە بولغانسەن ؟ —

ياق ، ھېچنىمە بولمىدىم ئاداش . سەندە تاپانچا نىمىش قىلدۇ ؟ —

ئۇنىڭكىنى ئالدىم ، ئۇ شۇنداق دەپ يەردى ياتقان ئەكبەرنىڭ جەسىتىنىكۆرسەتتى . — بايا —

. كىيىمنى سالدۇرغىچە كۆرۈپ قالغان

قارىغاندا سەنمۇ بوش ئەمەسكەنسەن ! ھېلىقى خوتۇن تاپانچىنى بىزگىگ تەڭلىگەچ قولىنى —

. ماتىيەنگە سوزىدى . — مەرگەنكەنسەن

...... ساڭا رەخمەت ، شۇنداقتىمۇ قۇرالنى بىزگە تاپشۇرمىساڭ بولمايدۇ

ماتىيەن ئۇندىمەستىن قورالنى ئۇنۇڭغا قايتۇرۇپ بەردى ، — تاس قالدىڭ ئاداش قاراپ كەتكىلى

. جۇمۇ ؟! ئۇ شۇنداق دىگىنچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى

ئاااا .. قويغىنە ئاداش !ئادەم ئۆلە بولسا ، ...غىجەك تاتىپتۇ دىگەندەك . ھىلىمۇ يۈرۈكۈم—

. جايىغا چۈشمايۋاتسا چاقچاق قىلىپ يۈردىكەنسەن . رەنجىگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قاردىم

بولدى بولدى ! چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، ئاداش ئۇ نىمىشقا كەتمەي قومنىڭ ئاستىغا —

. مۆكىنىۋالدۇ ؟ ئۇ شۇنداق دىگەش چايانىنى ئىشارەتلىدى

بىز ھەممىمىز چايانىنى يىنىغا بىرىپ ئۇنىڭغا سىنجىلاپ قاراشتۇق . ئۇنىڭ ئۇزىلگەن

. نەشتىردىنمۇ كۆكۈش سۇيۇقلۇق تامچىلاپ تۇراتتى

مەنمۇ بىلمەيمەن ، سىلەر بۇنداق زەھەرنى كۆرۈپ باققانمۇ ؟ مەن يەردە تۇرغان ھەربى —

. خەنجەر بىلەن نەشتىردىن ئىقۋاتقان كۆكۈش زەھەرنى ئىلىپ ئۇلارغا كۆرسەتتىم

ئادەتتە يىلان چايانلارنىڭ زەھرى سۇيۇق ھالەتتە بولىدۇ ، بۇ چايانىنىڭ بۇنچە يوغىراپ قارداپ

كەتكىنىگە قارغاندا ئۇنۇڭغا خىلى ئۇزۇن يىل بوپتۇ جۇمۇ . ئۇ نىمە يەپ بۇنچە يوغناپ كەتكەندۇ

؟

جەسەت يەپ . بۇ گىپىمدىن ھەممىسى ھەيرانلىقتا چىرايىمغا قاراشتى . ،— مەن بۇرۇن —

تۇرپاندىكى قەبرىستانلىقتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چايان بايقالغانلىقىنى ئاڭلىغان . ئۇ يەرلىككە

قويۇلغان جەسەتلەرنى يەپ شۇنداق يۇغىراپ كىتىپتىكەن . بۇ نىمە خىلى ئەقىللىقكەن .

. ئادەم دىققەت قىلمىغان پەيتنى تاللاپ ھۇجۇم قىلىدىكەن

بۇ چۆللۈكتە ئۇلار يىگىدەك نەدە جەسەت بار ؟ ھىلىقى خوتۇن ھىلىقى چايانىنى كۆرسىتىپ ، —

!ـ مىنىڭچە بۇ نەرسە پەقەت بىرلا ئەمەستۇ . ؟

توغرا ! تۇيۇقسىز كاللام يۈرۈپ كەتتى — بۇ سۇئال ياخشى سورالدى . مىنىڭچە ئۇ چوقۇم —

بىز بارماقچى بولغان جايدىن كەلگەن . ئۇنىڭ ئاياق ئىزىنى بويلاپ ماڭساقچوقۇم بىز نىشانلىغان

. يەرگە بارىمىز . ھازىرلا ماڭايلى ، شامال چىقىپ قالسا ئۇنىڭ ئىزىمۇ يوقاپ كىتىدۇ

ئەمىسە ئۇ ئىككىسىنى قانداق قىلىمىز ؟ ماتىيەنىنىڭ بۇ گىپى ھەممىمىزنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ —

كىتىشتى . نىملا دىگەن ئۇلار بىز بىلەن سەپەرداش ، مەن نىمە دىيەلەيمەن . ئۇلارنىڭ چىرايىغا . قاردىم

لازىملىق نەرسىلىرنى ئېلىۋېلىشلار . چىدىردىن بىرىگە ئوراپ مۇشۇ يارگە تاشلاپ قويۇپ تۇرۇنى— يېنىشىمىزدا ئېلىپ كىتىنى . خوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھەركەتكە كىرىشىپ كەتتۇق ، يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ ، ئۇلار ئىككىسنىچىدىردىن بىرىگە ئوراپ ئىگىزرەك بىر قۇمبارخىنىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇشتۇق . بۇ ئىشلار تۈگەپ يولغا چىققۇچە ھىچ قايسىمىز بىر ئېغىز ئۈن . چىقارماي يۈردۇق

كۈن چىقىشقا ئاز قاپتۇ ، جاھان ئىسسىپ كەتكۈچە يولنى ئاۋۇتىۋالايلى . شۇنداق سەپ ئېغىر— . سومكامنى يۈدۈپ يولغا چىقتىم

ئەلى ! ماتىيەنىنىڭ بوش چاقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، كەينىمگە بۇرلۇپ ئۇنىڭغا قاردىم ، قار— دىگەن مەندە ھېلىقى خوتۇننى ئىشارە قىلدى ،ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى سەبدىشىنىڭ يېنىدا قىمىر قاراپ تۇراتتى ، يېقىن سەبدىشى كۆز ئالدىدا جان بەرسە ئۇنىڭغىمۇ ئېغىر كىلدۇ‌دە . ئاستا ئۇنىڭ . يېنىغا باردىم

ئەمدى ماڭمىساق بولمايدۇ !ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىغان ئىدى ، گەرچە ئۇ مىنى تۇتقۇن— قىلسىمۇ .... ئۇ گەپ قىلماستىن سومكىسىنى يۈدۈپ يولغا چىقتى . بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن . مېڭىشتۇق

بىز چايانىنى ئاياق ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋەردۇق دىگەندەك چۈشكە يېقىن شامال چىقىشقا باشلىغان ئىدى ، شامال ئاستا ئاستا كۈچىيىپ قۇملارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى ، تەخمىنەن بەش مىنۇتلاردىن . كىيىن ھېلىقى ئىزلارمۇ سامالدا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى

. ئەمدى قانداق قىلىمىز ، شامال كۈچىيىۋاتىدۇ . ھېلىقى خوتۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى —

. ئەلى ، ئىش سەل چاتاق تۇرامدىمۇ نىمە ؟! ماتىيەنمۇ ئۇلاپلا سۆزلىدى —

قانداق دەيسەن ؟ —

. ئاۋۇ ياققا قارا ! ئۇ نىمە ؟ ئۇ شۇنداق دەپ كۆن چىقىش تەرەپنى كۆرسەتتى —

يۈرۈكۈم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى . كۈنچىقىش تەرەپنى پۈتۈن چاڭ تۇزاڭ قاپلاپ كەتكەن ، بىز

. تەرەپكە شىددەت بىلەن كىلىۋاتقان ئىكەن

سەل ئەمەس خېلىلا چاتاق تۇردۇ ؟ قۇم بوران كىلىۋاتىدۇ . ھەممىز ئەندىشىگە چۈشكەن —

ئىدۇق . ،— بۇنداق مېڭىۋەرسەك قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتىمىز

ئەمسە قانداق قىلىمىز ، بىر ئامال تاپىنى ؟ —

! گۈرجەكنى ئېلىڭلار ، تېز —

. ئۇنى نىمە قىلسەن ؟ ماتىيەن ھەيران بولۇپ سورى —

قۇمغا كۆلۈۋالمساق بولمايدۇ . بۇ بىردىن بىر چارە ، تېز!   يۈرۈكۈم ئەنسىز سوقۇپ تۇراتتى —

. مىنۇت كىچىكسەك ، كۆزنىمۇ ئاچقىلى بولمايتتى

. سەن بىزنى كۆمۈپ قويۇپ نىمە قىلماقچىدىڭ ؟! ھېلىقى خوتۇن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى —

ئەستا .... ماڭا قاراڭ ! سىزنى قومغا كۆمۈپ قويۇم نىم قىلاتتىم ، قۇم بوران ھازىرلا كىلىدۇ —

. ، ھېلى كۆزىڭىزنىمۇ ئاچالمايسىز . مەن چاقچاق قىلمىدىم ، باشقا چارە يوق

ئۇ ماڭا ئىشەنمىگەندەك بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن كەينىگە تېگىۋالغان گۈرجەكنى ماڭا

تەڭلىدى . قۇلۇمغا گۈرجەكنى ئېلىپ چاققانلىق بىلەن قۇمنى كولاشقا باشلىدىم ، بىرنەچچە

مىنۇت كولىغاندىن كىيىن ئالتە يەتتە ئادەم پاتقىدە تېيىز ئورەك تەييا بولدى ، ئاڭغىچە شامالمۇ

. ئۇدانلا كۈچىيىپ ،قۇم دانچىلىرى يۈلىرىمىزگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى

. تېز !  سوكاڭلارنىڭ ھەممىسنى بىر قىلىپ چىگىپ قويۇڭلار —

ھەممىز سومكىلىرىمىزنى بىربىرىگە مەھكەم چىگىپ قويۇشتۇق ، بۇنداق بولغاندا سومكا

. ئېغىرلىقى ئېشىپ بوران يىراققا ئۇچۇرۇپ ئەپ كىتەلمەيتتى

. چاپىنىڭلار بىلەن بېشىڭلارنى ئوراپ ئورەكتە يېتىڭلار —

. نىمشقا بۇنداق قىلىمىز ؟ ماتىيەن يېنىمغا كىلىپ سۆزلىدى —

بىشكىنى كۆمۈۋالساڭ قانداق نەپەس ئالىسەن؟ ۋۇ كالۋا ! سەن بولساڭمۇ ئادەمنى — تىرىكتۇرمەي تۇرغىنە . ئۇلار ھەممىسى بېشىنى كېيىملىرى بىلەن ئوراپ ئورەكتە دۈمپىيىشتى . قۇم بوران راست يېتىپ كەلگەن ئىدى .ئەمدىلىكتە كۆزۈمنىمۇ ئاچالماي قالغان ئىدىم . ئەمدى بولىدى ، تېز بولاي ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇمنى ئىتتىشقا باشلىدىم ھەممىسىنى تىپپىز كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزەممۇ ئورەككە چۈشۈپ قولۇم بىلەن قۇملارنى ئۈستۈمگە تۇپلاپ چاپاننى بېشىمغا يۆگەپ يېتىۋالدىم .

تەخمىنەن بەش مىنۇتلاردىن كېيىن قۇلاقنى يارغىدەك گۇلدۇرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى ، بوران يېتىپ كەپتۇ دەپ ئويلىۋدۇم ئىچىمدە ، قۇملار ئۈستىمىزگە بىرسى گۇرجەك بىلەن قۇيغاندە چۈشەتتى . تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇتلاردى كېيىن بېشىمنىمۇ مىدىرلىتالماي قالغان ئىدىم قارغاندا قۇمغا خېلى كۆمۈلۈپ قاپتىمىز جۇمۇ . نەپەس ئېلىشىممۇ قىيىنلىشىشقا باشلىدى . بوراننىڭ ئاۋازى پەسىيەي دىمەيتتى .

بىر چاغدا ئۈستى تەرپىمدىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندە بولدى . بەلكىم بوراننىڭ ئاۋازى بولسا كېرەك . شۇ خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىز بىرنەرسىنىڭ ئۈستۈنى دەسسەپ ئۆتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى . خاتا ئەمەس ئېنىق ئاڭلىدىم ، تىنىم شۇركىنىشكە باشلىدى . چايان ئەمەستۇ ھە . ياكى خاتا تۇيغۇممۇ يا ؟! نىملا بولسا بولسۇن بوران توختىمىغۇچە چىقىشقا بولمايدۇ . تۇيۇقسىز ھىلقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى ، بۇ قېتىم كەينى كەيندىن نەچچىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ھازىرقى ھېسياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمەيتتىم . قورقۇپ كەتكەندىن پۈتۈن بەدىنىم تىترەشكە باشلىدى . چايان بىرلا ئەمەستەك قىلىدۇ . ئەگەر بىزنى سىزىپ قالسا ئۆلكىمىز مۇشۇ قۇم ئاستىدا قالدۇ ، بىزنىڭ قەبرىمىزمۇ مۇشۇ بولۇپ قالدۇ ... تۇيۇقسىز بىر قول قولۇمنى چىڭ تۇتتى ، بۇ ھىلقى خوتۇننىڭ قولىغۇ ، توغرا مەن ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان بايا دىققەت قىلماپتىمەن . ئۇنىڭ قولىمۇ ئىستىيارسىز تىترەپ كەتكەن ئىدى . ئۇمۇ ئاڭلاپتۇدە . ئۈستىمىزدە بىرلا چاقسا جاننى ئالدىغان چايان دەسسەپ ئۆتىۋاتسا بۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ قورماي

. تۇرالايدۇ ، مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردۇم

تەخمىنەن ئون بەش مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن بوراننىڭ ئاۋازى توختاپ قالغان ئىدى . ھېلقى ئاۋازلارمۇ يوقاپ كەتكەن ئىدى ئەمما بېشىمنى كۆتىرىشكە پېتىنالمايۋاتاتتىم ، ئەگەر ھېلىقى چايان بىزنىڭ چىقىشىمىزنى ساقلاپ تۇرغان بولسا .. ئايىقىنى ئويلاشقا پېتىنالمايتتىم، شۇندىقتىمۇ . چىقمىسام بولمايدۇ . چىقمىسام ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتسام بولدۇ

نىم بولسام بولاي دەپ بېشىمنى كۆتەردىم ، ئەمما ئۈستۈمگە قۇم جىق دۆپلۈنۈپ قالغانمىكىن بېشىمنى مىدىرلىتالماي قالدىم . قۇلۇم بىلەن تىرەپ تۇرۇپ باقاي دەپ قولۇمنى تارتتىم ھېلىقى خوتۇن قۇلۇمنى قويۇپ بەرمەي چىڭ تارتىپ تۇرۋالدى ، قارىغاندا ئۇمۇ قورقۇۋاتقان بولسا كېرەك شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ ، قۇلۇمنى مەجبۇرى ئاجرىتىپ مىڭ تەسلىكتە كۆرىكىمنىڭ ئۇدۇلىغا ئەكىلۋالدىمدە چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بەدىنىمنى يۇقىرى كۆتىرىشكە باشلىدىم ، بەدەنىم شۇنچە ئېغىر ، قانچىلىك كۆمۈلۈپ قالغان بولغىدىم ئورنىمدىنمۇ تۇرالمىغۇدەك . يەنە بىر سىناپ باقاي ، شۇندداق دىگىنىمچە يىغىپ كەلگەن ھارام كۈچلىرىمنىڭ ھەممىنى چىقىرىپ بەدىنىمنى كۆتەردىم ، مىڭ تەسلىكتە بېشىمنى چىقىرىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم ، بېشىمنى قاتتىق بىرنى سىلكىۋېتىپقالغان بەدىنىمنىمۇ چىقىرۋالدىم . باياملقى بوراندىن ئەسەر يوق ، ھاۋا شۇنچىلىك سۈزۈك ، تۆت ئەتراپىمغا قاراپ ھەيران قالدىم ، بايا قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان .ئەمدى بولسا كۆن پېتىش تەرەپتە تۆت بەش مىتىر ئەتراپىدا قۇم دۆۋىسى پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، ھېلىمۇ ياخشى بىز بۇ قۇمنىڭ دۆۋىسىنى ئاستىدا قالماپتۇق تۆت ئەتراپىمدا چايان . كۆرۈنمەيتتى ، كۆڭلۈم جايىغا چۈشۈپ دەرھال قالغانلارنى كولاشقا باشلىدىم

قولۇم بىلەن مەن ياتقان يەرنىڭ قۇملىرنى ئاززاق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ھېلىقى خوتۇننىڭ قولى كۆرەندى . ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ چىڭ تارتتىم . ئۇمۇ مىڭ تەسلىكتە قۇمنى ئۈستىگە چىقىۋالدى ، پۈتۈن يېرى قۇمغا توشۇپ كەتكەن ئىدى ،

ئۆتۈپ كەتتىمۇ ؟ ئۇ نىڭ چىرايىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى ، ئۇ قۇم بورانى—

ئۆتۈپ كەتتى دىدىمۇ ياكى بايا ئۆستىمىزدىن مېڭىپ ئۆتكەن نەرسىلەرنى ئۆتۈپ كەتتى دىدىمۇ . بىلەلمەي قالغان ئىدىم

ھە ئۆتۈپ كەتتى ! قالغانلارنىمۇ چىقىرۋالايلى . ئىككىمىز قالغانلارنىمۇ كولاشقا باشلىدۇق ، — بەش مىنۇتلار كولىغاندىن كىيىن قالغان تۆتىسىنىمۇ چىقىرۋالدۇق ، ئۇلارنىڭمۇ ئۈستى بېشى قۇم .. بىلەن توشۇپ كەتكەچكە بىربىرىدىن پەرەقلەنمەيتتى :

نىمانچە خەتەرلىك ، نەپەس ئالالماي تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاسلا كالدىم ؟ ماتىيەن ئۈستى — بېشىدىكى قۇمنى قېقىشتۇرغاچ بىزگە قاراپ ،— ئەلى ، سەن بۇ ئامالنى قانداق بىلىسەن ؟

. راست گەپ قىلسام مەنمۇ بىلمەيمەن ، كىنولاردا كۆرگەن —

بىزنىڭ سومكىلىرىمىز قېنى ؟ ھېلىقى خوتۇن سۆز قىستۇرۇپ . دىگەندەك سومكىمىز — كۆرەنمەيتتى .

قارىغاندا كۆمۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ . ئەمدى چاتاق بولدىدە ، ئەمدى نەدىن تاپارمىز ئۇ — نەرسىلەرنى ؟

ئاۋۇ يەردىن تاپىمىز ! ھېلىقى خوتۇننىڭ سەبداشلىرىدىن بىرسى ئالدىمىزدىكى قۇم بارخانلىرنى — . كۆرسىتىپ تۇراتتى ، سومكىننىڭ بوقۇچى قۇم ئارىسدا كۆرىنىپ تۇراتتى

خۇداغا شۈكرى . ئەگەر سومكا تېپىلمىغان بولسا ھايات قېلىشىمىزدا ئۈمىد يوق بولاتتى — جۇمۇ ؟! ئالدىمىزغا يەنە نەچچىلىك ماڭىمىز كىم بىلدۇ ؟ شۇنداق دىگەچ سومكىنى ئېلىش ئۈچۈن قولۇمنى سوزۇدۇم ، تۇيۇقسىز بىر قول قولۇمنى كاپپىدە تۇتىۋالدى چۆچۈپ قارسام ھېلىقى . خوتۇن . ئۇ كۆزى بىلەن ئۈستى تەرەپنى ئىشارە قىلدى

ھېلىقى بوقۇچنىڭ ئۈستى ئاستا كۆتۈرلۈپ قۇملار سىرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى . ھەممىمىز كەينىمىزگە نەچچە مىتىر داجىپ كەتتۇق ، ھېلىقى قورقۇنۇچلۇق ھېسسيات يەنە چىرمىۋالدى ، ھېلىقى خوتۇن بىلەن سەبداشلىرى قوراللىرنى بەتلەپ قۇم دۆۋىسگە قاراتتى ، ھەممەيلەن قىمىر قىلماي قاراپ . تۇراتتۇق

ئوقۇغىز جىقتۇ ھە ؟! ئالدىنقى قېتىملىق ئىشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ ئاستا — . ئۆلارنىڭ كەينىگە ئۆتتۇم

ئوق تولۇق ، ئەمما ئۇنىڭغا ئوق ئېتمەيدىكەن ئەمەسمۇ ؟ —

ئۇنىڭ بېشىغا قارتىپ ئېتىڭ ! ھېلىقى خوتۇن بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ماتىيەننىڭ چىرايىغا — . قاردۇق

ماقۇل ، ھەممىڭلار ئۇنىڭ بېشىغا قارتىپ ئېتىڭلار شۇنداق دىگەچ سەبداشلىرىغا قاراپ قويدى— ئۇ . ھېلىقى قۇم دۆۋىسى توختىماي سىرىلىۋاتاتتى ، كۆز ئالدىمىزغا قاپقارا بىرگەۋدە نامايەن بولدى . ئۇنىڭ يوغانلىقى باشتا كۆگەننىڭ بىر ھەسسىچىلىك باركەنغۇ .ئاللا كارامەت مۇشۇنداق . نەرسە بولسىلا بىزگە يولۇقامدۇ نىمە

ـ بايا ئۇستىمىزدىن ئۆتكەن شۇمۇ نىمە ؟—

شۇنداق ئوخشايدۇ . كۆگلۈم سىرىپلا تۇرغان . ھېلىقى خوتۇن چىرايىمغا قاراپ قويۇپ ، ئۇنىڭ— . چىرادا قان قالمىغان ئىدى ، راست گەپ قىلسام مىنىڭمۇ چىرايىمدا قان قالمىغان ئىدى

ھېلىقى چايان قويرىقىنى ئاستا كۆتىرىپ بىزگە قاراپ بۇرۇلدى ، خۇددى ھەراھىمنى سەن ئۆلتەدىگمۇ دىگەندەك بىزگە تىكىلىپ قاراۋاتاتتى ، قاتتىق بىرنى چىقىرۋەتكەندىن كىيىن بىزگە قاراپ ئېتىلدى . ئېتىڭلا دىگەن بۇيرۇق بىلەن قۇلاقنى يارغۇدەك ئوق ئاۋازى يەنە باشلاندى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چاياننىڭ بېشى ئۆتمۇتۆشۈك بولۇپ كەتتى ، ئورنىدىلا يېتىپ قېلىشتى ، ئوق ئاۋازى توختىدى ، . ھېلىقى چاياننىڭ پۇتلىرى تىپچەكلەشكە باشلىدى

. ماتىيەن راست دەپسەن ، بۇ نىمە بېشىغا ئاتسا ئۆلدىكەن —

راست ، بېشىغا ئاتسا ئۆلدىكەن . شۇنداق دىگەچ ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدۇق . ئۇ — . تىپچەكلەشتىن توختىغان ئىدى ، ئەمما ھىچ قايسىمىز ئۇنۇڭغا يېقىن كىلىشكە پېتىنالمايۋاتاتتۇق بۇ نەرسە بىلەن ئېتىشماي ، بىرىپ سومكىمىزنى ئېلىۋاللى ، باكا تىرىلىپ قالسا ئانىمىزنى — !!.. كۆزىمىزگە كۆرسەتمىسۇن يانا

ئۇ تىرىلمىسىمۇ كۆرستىپ قويىدىغانلار باركەن ئەلى ..! بۇ گەپنى قىلغان ماتىيەن ئىدى ، —
. بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇ كۆزىنى قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى
نىمىگە قاراۋاتىسەن ؟ شۇنداق دىگەچ ئۇ قاراۋاتقان قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە قاراپ قېتىپلا —
قالدىم . قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە يەنە ئىككى چايان تۇراتتى . تۆت ئەتراپتىن قۇمنىڭ ئاستىدىن
. چايانلار كۆتىرىلىشكە باشلىدى
!! راست دەيسەن ئاداش ، ئانىمىزنى كۆزىمىزگە كۆرسەتكۈدەك —

ھەممىمىز ئەندىشىگە چۈشتۇق ، ئۆلۈمنىڭ پۇرۇقى كېلىۋاتقان ئىدى . راست گەپ قىلسام
. قانداق قىلىشىمىزنىمۇ بىلەلمەي قالغان ئىدىم
ھەي خانقىز ئىسمىڭىز نىمە ؟ ھېلىقى خوتۇنىمۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن قىمىر قىلماي تۇراتتى .—
سوئالىمدىن ھەيران بولدى بولغاي كۆزىمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويدى
نىمە ؟ ئىسمىمنى بىلگىڭ كەپ قاپتىغۇ ؟ —
. ھە ! سىز قۇلۇمنى تۇتقان تۇنجى ئايال ، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئىسمىڭىزنى بىلىۋېپ ئۆلەي—
بەك شاللاق نىمىكەنسەن ! ئۆلۈمۈڭ يېقىن كېلىپ قالسىمۇ يەنە قىزلارنىڭ ئىسمىنى سوراپ —
. يۈرىيسەن . سىنى خىلى ئەركەك دەپ يۈرۈپتىمەن
ئەتراپتىكى چايانلار ئاستا بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى ، مۆلچەرىمچە ئوتتۇز قىرىق باردەك
. قىلدۇ ، بىرگە ئاران تەڭ كەلسەك ، بۇنچە جىق چايانلارغا قانداقمۇ تەڭ كەلگىلى بولسۇن
دەپ بەرمىسىڭىزمۇ مەيلى ، بىر بولسا بىزگىمۇ قۇرال بېرىڭ بىر بولسا ھازىرلا مىنى —
. ئېتىۋېتىڭ ، مىنىڭ قىينىلىپ ئۆلگۈم يوق
كۆزۈمگە ئالىيىپ قارۋەتكەندىن كىيىن يېنىدىن بىر تاپانچىنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى . —
ئۇنىڭغىمۇ بىرنى بېرىڭلار . ھەمرالىرى يېنىدىن يېنىك تىپتىكى ئاپتوماتتىن بىرنى ماتىيەنگە
. ئۇزاتتى

نىمانداق ئىغىر نىمە بۇ ؟ ماتىيەن بۇنى قانداق ئىشلىتىمىز ؟ —

ئاۋال تاپانچىنى بەتلەيسەن ، ئاندىن سول قۇلۇڭ بىلەن ئوڭ قۇلۇڭنى تىرەك قىلىپ تۇرسەن —
، نىشاننى ئۇدۇل بەتلەپ تەپكىنى باسساڭ بۇلدۇ ، قالايمىقان ئوق چىقارما . ئوق يەتمىسە
. تۇگەشكىنىمىز شۇ

. ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ سەن ھەربىغۇ . بىرەر چارە دىمەمسەن —

! لەقۋا شۇنىمۇ دىيىش كىتەمدۇ ؟! قاچمامسەن —

. ئۇ نىمە بەك تېز يۈگرەيدىكەن ! قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ —

مىنىڭ بۈيەردە جىم تۇرۇشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ . ماتىيەن بۇگەپنى قىلىۋاتسا قاچمىساق —
بولمىدى . قۇرالنى بەتلىمەك بۇلۇپ تاپانچىنىڭ ئۈستىنى شۇنداق كەينىگە قارىشىغا ‹ تاك ›
قىلغان ئاۋاز بىلەن قۇلاق مىڭەم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى ، پۇتۇن چايانلار بىزگە يۈپۈرلۈغقا
. باشلىدى

قېچىڭلا ! ماتىيەننىڭ ۋارقىرشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز كەينىمىزگە قاراپ جېنىمىزنىڭ بارىچە —
يۈگرەشكە باشلىدۇق . — راست لەقۋا نىمكەنسەن ! تەپكىنى نىمگە بېسىپ باقتىڭ ، ئۇلارنى
. چۇچۇتىۋەتتىڭ ساراڭ ! ماتىيەن يۈگرەپ كېتىۋېتىپ ماڭا ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى

مەن نىم بىلەي بۇنداق بۇلىشىنى ، مەن شۇ تاپانچىنى بەتلىگىنىمنى بىلىمەن . —
گېپىمنىڭ تۇگىتىپ ئالدىمىغا قارسام قاچانلاردا پەيدا بولىدىكىن نەچچە چايان بىزگە قاراپ
كېلىۋېتىپتۇ . تۆت ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسىنى چايان قاپلاپ كەتكەن . — ئەمدى قانداق قىلىمىز
! ؟ قاپسىلىپ قالدۇق

قاپسىلىپ قالساق يول ئېچىپ چىقىمىز ، بۇلارغا يەم بولغىلى بولمايدۇ ! ماتىيەن شۇنداق —
دىگىنچە يۈگرەۋاتقان پېتى قۇرالنى ئالدىمىزغا تەڭلەپ كەينى كەينىدىن ئوق ئۇزۇشكە باشلىدى .
ھېلىقى خوتۇنمۇ سەبداشلىرىمۇ كەينى كەينىدىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى . ئۆزەمنى خۇددى جەڭ
مايدانىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم . ئالدىمىزدىكى چاياندىن ئىككىسى جايىغىلا

دۇم چۈشتى ، ماتىيەنگە قاراپ ئاغزىمنى ئىچىپلا قالدىم ، ئۇنىڭ قۇلىدىن مۇشلاشلا كىلدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن . ئۇنىڭ قۇرالغا بۇنچە پىشىق ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن . يەنە بىر چايانىنىڭ نەرىگە ئۇق تەگدىكىن ئورنىدا يىلاندەك تولغىنىشقا باشلىدى . نىماندىن خەتەرلىك ئەگەر ئۇق تەگمىسە قانداق قىلار بولغىدۇق ؟

يۈگرەپ كىتىۋىتىپ كەينىمگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم ، كەينىمدە يىگىرمە ئوتتۇز مىتىر نېرىدا . قۇمنى كۆرگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە قاپقارا چايان قاپلاپ كەتكەن ئىدى

كەينىگە قاراڭلا ؟ نىمانچە جىق نىمە بۇ ؟ —

سەن بۇلارنى جەسەت يەپ يوغرايدۇ دىۋىدىڭ ، بۇنچە جىق چايانىنى يوغراپ كەتكۈدەك — . نەدىمۇ ئۇنچە جىق جەسەت بولدۇ ؟ ھىلىقى خوتۇن ھاسىرغىنچە ماڭا ۋارقىراۋاتاتتى

مەن نىمە بىلمەن ؟ بىلسەم بۇيەرگە كەلگۈچۈ ئۆزەمنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ تۇرمىدە — يىتىشقا رازىتىم ! ... بۇ گەپلەرنى ئارانلا ئىغىزىمدىن چىقىرالىدىم ، پۇت قولۇمدا ماغدۇر قالمىغان ئىدى . قۇمدا يۈگرەمەك نىماندىن تەس ، قالغانلارمۇ ھىرىپ ئاران بولۇپ قالغان ئىدى . توختاشقا بولمايدۇ ، ئۇلار يىتىشۋالسا ئۆلىمىز . شۇ خىياللار بىلەن يۈگرەپ كىتىۋىتىپ تۇيۇقسىز بىر نىمىگە پۇتلۇشۇپ يىقىلىپ كەتتى

ئاناڭنى مىنىلا نەس باسامدۇ ، شۇنداق ۋارقىرغىنىمچە پۇتلاشقان يەرگە قاراپ پۇتۇن — بەدىنىمنى قايتىدىن سۇر باستى . ئادەمنىڭ قۇلى .... توغرا ئادەمنىڭ قۇلى قۇم بارخىنىدىن . چىقىپ تۇراتتى ، ئۇ قولمۇ قاراداپ قۇرۇقشۇپ كەتكەن ئىدى

ئەلى ! ماتىيەننىڭ ۋارقىرشى بىلەن چۆچۈپ ئالدىمغا قاردىم ، ئالدىمدا بىر چايان ماڭا — قاراپ يۈگرەپ كىلىۋاتقان ، بەش مىتىلا قالغان ئىدى . يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ كىتىۋاتاتتى . قولۇمدا قۇرال بارلىقى ئىسىمگە كەلىدىدە كۆزىمنى يۇمۇپلا ئۇنىڭغا قارىتىپ نەچچە پاي ئوق ئىتىۋەتتىم . بىر نەچچە دەقىقىدىن كيىن بىر كۆزىمنى ئاستا ئىچىپ ئۇنىڭغا قاردىم . ھىلىقى . چايان مەندىن ئىككى مىتىر نىرىدا تىپچەكلەپ ياتاتتى

تىگىپتۇ ! تەكۈزۈۋېتمەن ..... ھاھاھا تەكۈزۋېتمەن . شۇ خوشاللىقلىرىمنىڭ ئايىقى —
چىقماي ھېلقى چايانىنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر چايان ئاتلاپلا چىقىپلا نەشتىرىنى ماڭا شىلتىدى .
. دەقىقە ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىش چىرايىمدىكى كۈلكىنى قاياقلارغا ئۇچرۇۋەتتى
تۈگىدى ! قورالنى كۆتىرىشكىمۇ ئۈلگىرەلمەي قالغان ئىدىم . كۆزىم ئۇنىڭ نەشتىرىدىلا ئىدى .
....... ئەمدى كىچىكتىم دىگەن خىياللار كاللامدىن ئۆتتى

تاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن چايانىنىڭ بېشى چاچراپ مېنىڭ ئۈستۈمگىلا چۈشتى . ئۇنىڭ ئېغىرلىدىقىن ئىشتىنىمغا چىقىرۋەتكىلى تاس قالغان ئىدىم . ئۆزەمنىڭ ھاياتلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى . ھېلقى چايانىنىڭ تىنىدىن ئادەمنى سەسكەندۈردىغان پۇراق چىقىپ تۇراتتى . كۆڭلۈم ئاينىپ قۇسۇۋېتىشقا ئاران تۇراتتىم . مىلتىق تەسلىكتە ئۇنى ئۈستۈمدىن ئىتتىرىپ چۈشىرۋېتىپ ئۆرۈلۈپلا . قۇسۇۋەتتىم

تېز بول ! ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى . بۇرۇلۇپ قارسام ھېلقى خوتۇن قولىنى ماڭا سۇنۇپ — تۇرۇپتۇ ، قولۇمنى ئۇنىڭغا بەردىمدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەينىمگە قاردىم ،چاتاق ئۇلار يېقىنلاپ . كىلىپتۇ

تېز يۈگرەيلى ئاز قالدۇق ! شۇنداق دىگەچ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يۈگرەشكە باشلىدۇق — ئۇن يىگىرمە مىتىر كەينىمىزدە ھېلقى چايانلار توختىماستىن بىزنى قوغلاپ كىلىۋاتقان . بىز قالغانلارغا يىتىشۋالغۇچە ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ چايانلارغا ئوق ئۈزۈۋشكە باللدى . ئارقامدىكى چايانلار ئۆلۈۋاتامدۇ ياكى ئۆلمەيۋاتامدۇ ئۇقمايتتىم ، كەينىمگە قاراشقىمۇ رايىم يوقتى . بىز . كىلىشىمىز بىلەن قالغانلارمۇ ئوق ئېتىشتىن توختاپ تەڭ يۈگرەشكە باشلىدى

قانچىلىك يۈگرگىنىمنى بىلمەيمەن ، ئەمما يۈگرگىدەك ماجالىمىز قالمىغان ئىدى ، . كەينىمىزدىن كىلىۋاتقان چايانلار ھېچ ھارمىغاندەك قىلاتتى

. مەن بولالمىدىم ! شۇنداق دىگەچ جايىمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم —

ئوقمۇ  ئاز قالدى ! شۇنداقتىمۇ توختساق بولمايدۇ ، ئۇ شۇنداق دىگەچ كەينىدىن كىلىۋاتقان چايانغا ئىككى پاي ئوق ئۈزدىدە مىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى  .  كەينىمىزدىن چايانلار يۈپۈرلەپ ! كىلىۋاتاتتى ،— ئون مىتىر قالدى قانداق قىلىمىز

ماۋۇ يەردىن پەسكە چۈشەيلى ، ھىلىقى خوتۇن شۇنداق دىگەچ  يىگىرمە ئوتتۇز مىتىر كىلىدىغان قۇم دۆۋىسىدىن پەسكە سەكرىدى  ،  بىزمۇ  كەينى كەينىدىن پەسكە سىرىلىشقا باشلىدۇق ، پۈتۈمنى يىتۈشتۈرەلمەي ئوڭدىسىغىلا  يىقىلىپ چۈشتىم ، قانچىلىك موللاق ئاتقىنىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا  ئۆزەمنى ئاران توختىتالىدىم  ، باشلىرىم قىيىپ  ياندۇرۇۋىتىشكە ئارانلا قالغان ئىدىم  ، . ئاغزى ـ بۇرنىم قۇم بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى

تۇفا . . .ئۆمۈرۈمدە بۇنچە جىق قۇم يەپ باقمىغان مەن  .  . . . .تۇفا!!!  ئاغزىمدىكى قۇملارنى ـ . يانماي تۆكىرىشكە باشلىدىم

ئۇلار توختاپ قالدىغۇ ؟ ماتىيەن  قۇرالنىڭ ئۈچىنى  قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە قارىتىپ  — سۆزلەۋاتاتتى . قۇم دۆۋىسى ھەقىقەتەن ئىگىز بولۇپ  پەستە تۇرۇپ قارسا ئادەمنىڭ بىشى قاياتتى . .  ھىلىقى چايانلار قۇمنىڭ ئۈستىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى

ئۇلار چۈشمەي نىمىگە قاراپ تۇرىدىغاندۇ ؟ ئىش سەل باشقىچىغۇ . ئۇلار نىمىگە تۇردۇ ئۈستىدە ؟

بىلمىدىم  ؟  ئىشقىلىپ  قوغلىغاندىن قوغلىمىغىنى ياخشى . ماتىيەن قۇرالنى ئاستا  — چۈشۈرۈپ  ،— يۈرۈڭلا بۇ يەردە تۇرماي ماڭايلى ، سومكىلىرىمىزمۇ يوق  .  ئەمدى بىرەر ئامال . قىلمىساق ئىش چاتاق

توغرا سومكىلار كەينىمىزدە قالدى . ئەمدى  ئالالمايمىز بۇ نەرسىلەر با تۇرسا . شۇنداق  — دەپ ئۈستىگە قاراپ ھەيران قالدىم ، ئۈستىدە ھىچنىمە يوق . — ئۇلار قىنى قايتىپ كەتتىما  ؟ .  ھەممىمىز ھەيرانلىقتا ئەتراپقا قارىدۇق ، دەرۋەقە بىرمۇ چايان يوق

ئىش سەل باشقىچىغۇ ؟  ئۇلار نىمىشقا كىتىپ قىلىشتى — ھىلىقى خوتۇن بىزگە قاراپ  قويۇپ

". سۆزلىدى ›— نىم بولسا مەيلى ئۇلاردىن قۇتۇلدۇق ئەمدى يولىمىزغا ماڭمىساق بولمايدۇ

. سىلەردە ئوق بارمۇ ، مېنىڭ ئوقۇم ئاز قالدى—

! بىزدىمۇ ئاز قالدى . ئوقنى ئاياپ ئىشلىتەيلى —

ھەممىمىز بىشىمىزنى لىڭشىتىپ كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ مېڭىشتۇق ، بەش مىتىر مېڭىپ قەدىمەم شۇنداق ئېغىرلىشىپ كىتىۋاتقىنىنى سەزدىم . پۇتۇمغا قاراپ يۇرىكىم جىغ قىلىپ كەتتى . پۇتۇم قۇمنى ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى . پۇتۇمنى كۆتىرەي دىسەممۇ كۆتىرەلمەيۋاتاتتىم ، خۇددى سازلىققا پېتىپ قالغان ئادەمدەك قۇمنىڭ ئاسىغا كىرىپ كىتىۋاتاتتىم . بىردەمدىلا تىزىمغىچە . كىرىپ بولدۇم

مېنى تارتىۋېلىڭلار ! ۋارقىراسامۇ بىرەسى كىلەي دىمەيتتى ، بېشىمنى كۆتىرۈپ قارسام — . ئۇلارمۇ قۇمغا پېتىپ تىركىشىپ تۇرۇپتۇ

. بۇ نىمىش ؟ ماتىيەن ! ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتىمەن —

مەنمۇ بىلمىدىم ئاداش . مەنمۇ مىدىرلىيالمايۋاتىمەن . ھەممىمىز قورقۇپ كەتكەنىدىن — توختىماي تىپىرلاشقا باشلىدۇق ، تۆيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى قۇملار شىددەت بىلەن ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى . خۇددى قايىنامغىلا ئوخشاتتى . قۇم چۆشۋاتقان جاي ئاستا ئاستا كەڭلەپ بىزگە يېقىن كىلىپ قالغان ئىدى . ئەمدى تەس ، قۇتۇلمىقىمىز تەس . پۇتۇن بەدىنىم ئۆزىمگە بويسۇنماي ئۇستىگە قاراپ تىرمىشاتتى . ئەگەر قۇمنىڭ ئارىسغا كىرىپ كەتسەك تۇنجۇقۇپ ئۆلگىنىم شۇ . ئەمما كىم بىزنى تارتىپ چىقىردۇ ؟ قورالمۇ ئەسقاتمايدۇ ئەمدى . ھېلىقى جاي كەڭلەپ يېنىمىزغا بىر ..... مىترلا قالغان ئىدى

## باب ـ 7

## كىرورەن

مۇشۇنداق ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرامدۇق ؟ بىرە ئامال قىلساڭلارچۇ ؟ جان ئاچچىقىدا زەردە بىلەن—

ۋارقىرىدىم مەن . قۇمنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتەي دەپ قالغان ئىدۇق

قۇمنىڭ ئاستىدا نىم بار بولغىدى ؟ نىمانداق ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ؟ —

توغرا ئاستىدا چوقۇم بوشلۇق بار . بولمىسا بۇنداق توختىماي چۈشۈپ كەتمەيدۇ كاللام تۇيۇقسىز

سەگىدى . ئەگەر ئاستىدىكى تۆشۈك كەڭ بولسا تەلىيىمىز ، تار بوپ قالسا .... ياق ياق بۇنداق

خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا بولمايدۇ . بىرە ئامال قىلىپ تۆشكىنى چوڭلىتىش كېرەك ، ئەمما قانداق

قىلىپ چوڭلىتىش كېرەك ؟ قومغا ئوق ئۆتمەيدۇ . يەنە نىمىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ ؟ شۇ تاپتا

جىددىيلەشكىنىمدىن كاللام پارتلاپ كېتەي دەۋاتاتتى . ئۆلۈمگە ئازلا قالدۇق . بېشىمنى

. قامالىلغانچە ئۇلارغا قارىدىم ، ئۇلارنىڭ ھالى مەندىنمۇ بەتتەر ئىكەن

خۇددا مۇشۇنداق ئىشنىڭ ھەممىسى ماڭىلا يولىقامدۇ ... تۇيۇقسىز ھېلىقى —

خوتۇننىڭ سەبدىشى مەيدىسىگە تېڭىۋالغان قول بومبىزى كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى . نىم بولسا

.. بولسۇن بىر سىناپ باقماي بولمايدۇ . قۇمنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ ئۆلگەندىن ياخشى

سەن ! ھوي سىنى دەۋاتىمەن ! يېنىڭدىكى بومبىنىڭ پىلىكىنى تارتىپ ئاۋۇ قايناملغا تاشلا تېز —

' ! بول

نىمە ؟ ھەممىسى تېپىرلاشتىن توختاپ ماڭا ھەيرانلىقتا قاراۋاتاتتى،— ساراڭمۇ سەن ! بۇنداق —

قىلساق ھەممىمىز ئۆلمەيمىزمۇ ؟

قۇمنىڭ ئاستىدىكى تۆشكىنى چوڭلاتمىساق بولمايدۇ . بولمىسا ھەممىمىز تۇنجۇقۇپ ئۆلىمىز —

. تېز تاشلا ..... غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم

بومبا ئون سىكونتتا پارتلايدۇ . ئەگەر شۇ ۋاقتىقىچە قومغا چۆكۈپ بولالمىسا ھەممىمىز ئۆلىمىز—

. جۇمۇ ؟! ماتىيەنىمۇ جىددىيلەشكەن تەلەپپۇزدا ماڭا قاراپ تۇراتتى

; . قۇمنىڭ ئاستىدا تۆشۈك بارلىقىنى سەن نەدىن بىلسەن ؟ ھېلىقى خوتۇن زەردە بىلەن ۋارقىرىدى

!! قۇمنىڭ ئاستىدا بوشلۇق بار بولمىسا بۇنچا قۇم نەگە بېشىقىدۇ ....؟ ۋۇ لەقۋالا —

ھەممىسى جىمىپ قېلىشتى . ماتىيەننىڭ دىگىنىنىگمۇ ئاساسى بار ئىدى ئەگەر قول بومبىسى تۇلۇق

. چۇكۇپ كىتەلمەي پارتىلاپ كەتسە بىزمۇ تۇگىشەتتۇق

بوپتۇ بىر قېتىم ساڭا ئىشىنى . بومبىنى تاشلا ؟ ھىلىقى خوتۇن سەبدىشىغا قاراپ بويىرۇق —

. قىلدى . ئەمما سەبدىشى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى

نىمگە تۇرسە تىز بول .ئۆلەي دەپ قالدۇق ! قاتتىق ۋاقىردىم ئۇنۇڭغا ، چىرايىمغا قاراپ —

. قويىدىدە قول بومبىسىنىڭ پىلىكىنى تارتىپ قۇم ئولتۇرۇشۇۋاتقان يەرنىڭ ئوتتۇرسىغا تاشلىدى

بىشىڭلارنى پەس قىلىڭلار ! ماتىيەننىڭ گىپى بىلەن تەڭ ھەممىمىز قولىمىز بىلەن بىشىمىزنى —

...... توراپ يەرگە چاپلىشىپ تۇرۇۋالدۇق ، يۇرەك قاتتىق سوقىۋاتاتتى ، ئەگەر ئەپلەشمىسە

نەچچە سىكونت ئۆتكەندىن كىيىن يەر ئاستىدىن گۇم قىلغان ئاۋاز بىلان يەر ئۇستىگە يىرىم متىردىن

ئۇشۇق كۆكلەپ جايىمىغا چۇشتۇم . قۇلاقلىرىم پاك بۇلۇپ زىڭىلدىغان ئاۋازدىن بۆلەك ھىچنەرسە

ئاڭلانمايۋاتاتتى ، ئەتراپنى چاڭ ـ تۇزان قاپلاپ كەتكەن ئىدى . ۋوججون .. پارتىلات دىسە

شۇنداقمۇ پارتىلتامدۇ ؟! سەل ئەسلىمگە كىلىۋىلىپ ئەتراپقا قاردىم . قالغانلارمۇ ئاستا ئورنىدىن

تۇرۋاتاتتى . بومبانىڭ كۇچىدە تىزىمىزدىن ئۇشۇق قۇمغا پىتىپ قالغان ئادەم قۇمنىڭ تۆپىسىدە

. ياتاتتۇق

ھەممىڭلار ساقمۇ ؟ ئۇلارغا بىر قۇر قارۋىتىپ سۆزلىدىم ،— بىرە يىرىڭلە زەخملەنمىگەندۇ ھە —

؟

! مەن ساق —

مەنمۇ ساق ! ھىلىقىخوتۇن سەبداشلىرىغا قاراپ ،— سىلەرچۇ ؟ —

! بىزمۇ ساق —

. ئۇۇ خۇداغا شۇكرى . تاس قالدۇق ئۆلگىلى —

. ساڭا يەنە بىر قېتىم رەخمەت ! قارىغاندا سىنى تاللاپ خاتا قىلماپتىمىز —

ھە ، شۇنداقمۇ ؟! ئۇنداقتا قايتقۇچە بىزنى ئۇنتۇپ قال ......گىپىمنىڭ ئاخىرسى —

تۆگمەستىن يەرنىڭ ئاستىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ، نىم بولغىننى ئاڭقىرالماي ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇشىمغا بىز تۇرغان جاي ھەممىسى ئۆلتۈرۈشۈپ قۇمنىڭ ئارىسغا كىرىپ كەتتىم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرمىشىپ ئۈستىگە چىقىش ئۈچىن كۆچەۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز قۇلۇمنىڭ بىر بوشلىققا چىقىپ قالغىننى سىزىپ قالدىم . كۆزىمنى ئېچىپ ھەقىقەتەن بىر بوشلۇقتا ئىكەنلىكىمنى بىلدىم . ئەتراپ قاراڭغۇ ، نىم بولغاندۇ دەپ ئاستىمغا قاراپ بولغىچە يەرگە گۈپ قىلىپلا چۈشتۈم شۇ تاپتا ئۆپكەم ئېغىزىمغا تىرىلىپلا قاغان ئىدى . يەرگە قاتتىق چۈشكەچكىمۇ نەپەسمۇ ئالالمايۋاتاتتىم . مەيدەمنى چىڭ تۇتۇپ يەردە نەچچىنى دومىلۇەتتىم ، شۇ چاغدىكى ئاغرىق ئازابىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . نىم بولسا بولسۇن بىر ئورنىمدىن تۇرۇپ كىتەي ،شۇ خىياڭ بىلەن ئىككى قولۇم بىلەن يەرنى تىرەپ كۆتىرلىشىمگە تۇيۇقسىز ئۈستۈمگە بىرنەرسە چۈشۈپ يەرگە چاپلاپلا قويدى . ئاغرىق ئۈستىگە ئاغرىق قوشۇلۇپكۆزلىرىمدىن تارام— تارام ياش . چىقىپ كەتتى . مىدىرغىدەك ھالىمۇ قالمىغان ئىدى . قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن

نىمىش بولۇپ كەتتى ؟ ئۈستۈمدىن ھىلقى خوتۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى . غەزەپتىن — . يېرىلىپ كىتەي داۋاتاتتىم

خانقىز نىم بولسا بولسۇن ئۈستۈمدىن بىر چۈشكە ؟ ئىغىزىمدىن شۇ گەپ چىققىچۇمۇ ئۆپكەم — پارتىلاپ كىتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتكەن ئىدى . ئۇمۇ ئۈستىمدە تۇرغىنىغا ئوڭايسىزلاندى بولغاي . دەرھاللا چۈشۈۋالدى

ئاللا ! قىز بالىمۇ شۇنداق ئېغىر بولامدۇ . ئۆپكەمنى ئېغىزىمدىن چىقىرۋەتكىلى تاس — قالدىڭىز . يۆلىمەمسىز مىنى ؟! ئۇ دەرھال كىلىپ قولتىقىمدىن يۆلەپ تۇرغازدى ، ئورنىمدىن تۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم . ئۆپكەم تېخىچە قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى . قالغانلارمۇ . قۇمنىڭ ئىچىدىن ئاستا ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى . مەن بىرىپ ماتىيەننى يۆلىۋدىم

قانداق تۇرسە ئاداش ؟ —

. بىلمەيمەن ئاداش ؟ شۇ تاپتا ساراڭ بوپ قالاي دەۋاتىمەن —

مەن ساراڭ بوپ بولدۇممىكىن دەۋاتىمەن ؟! شۇنداق دىگەچ ئۈستىگە قارىدىم . — نىمانچە — ئېگىز بۇ يەر ، يىگىرمە ئوتتۇ مېتىر كېلەمدۇ نىمە ؟

ئۈستى شۇنداق ئىگىز بولۇپ ئۇچ ـ تۆت مېتىر كەڭلىكتە يوغان تۆشۈك تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا . تۆت چاسلاپ قويۇلغان ياغاچ بار ئىدى

قاراڭغۇلا ! تورۋستا ياغاچ تۇردۇ . بۇنى بىرەسى مەقسەتلىك قىلغانمۇ نىمە ؟ —

شۇنداق ئوخشايدۇ . بايا قۇل بومبىسى ئۇ ياغاچلارنى سۇندۇرۇۋېتىپتىكەن شۇڭا پەسكە چۈشۈپ— كېتىپتۇق . ھېلىمۇ ياخشى سەن كالالاڭنى ئىشلىتىپسەن بولمىسا ئۇنۇڭغا قىسىلىپ ئۆلۈپ كېتۈركەنمىز جۇمۇ ؟

شۇنى دىگىنە . ھېلىمۇ ياخشى يۇمشاق يەرگە چۈشۈپ ھېچنىمە بولمىدۇق ، شۇنداق دىگەچ — ھېلقى خوتۇننىڭ چىرايىغا تەنە بىلەن قاراپ قويدۇم . ئەمما ئۇ ھېچ پەرۋاسىز كەينىگە قاراپ . تۇراتتى

ئايال كىشىمۇ سىزدەك بولامدۇ ؟! ھېچ بولمىغاندا كەچۈرۈڭ دىگەن بىر ئېغىز سۆزىڭىز بولسىكەن كاشكى ! شۇنچە گەپ قىلساممۇ ئۇ قىمىر قىلماي كەينىنى قىلىپ تۇرۋاتاتتى . ـ نىم بولدىڭىز ھوي ؟ شۇنداق دىگەنچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ چىرايىغان قارىدىم . ئۇ شۇنداق قۇرقۇنۇش ئىچىدە كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپلا تۇراتتى .كۆگلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ ئاستا كەينىمەگە قارىدىم ، قورقۇپ كەتكىنىمدىن مەنمۇ قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدىم . ئالدىمدا چىرىپ قارداپ كەتكەن ، ! . چىرايىدىن شۇنداق بىر قورقۇنۇش چىقىپ تۇرغان بىر ئۆلۈك تۇراتتى

! ماتىيەن ! بۇياقتا كىلىپ قارغىنە —

نىم باركەن ؟ ئۇ شۇنداقدىگەچ يېنىمغا كەلدى ، قالغانلارمۇ ئەگىشىپلا كەلگەن ئىدى . ماتىيەن . چىرايىمغا ئەنسىز قاراپ قويدى

قاراڭغۇلا بۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يارا قاپلاپ كىتىپتۇ ،ماتىيەن شۇنداق دىگەچ جەسەتنىڭ يېنىغا — . بىرىپ ئۇنىڭغا تەپسىلى قاراپ ،— ئۇ ئۆلگىلى كىمدە يىگىرمە كۈن بوپتۇ

جەسەتنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى ، مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ يار ئىزلىرىنى .. كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم

جەسەت بۆرگىسى . ھېلىقى بوۋاي دىگەن يەر مۇشۇ ئوخشىمامدۇ ؟ —

سەن جەسەت بۆرگىسى قىلغىنىنى قانداق بىلىسەن ؟ ھېلىقى خوتۇننىڭ كەينىمدىن قىلغان — ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن ئۇنىڭغا سول قۇلۇمدىكى جەسەت بۆرگىسى چىشلىگەن جايىنى كۆرسەتتىم ،ئۇمۇ چۆشەنگەندەك گەپ قىلماي تۇراتتى . كاللامغا يەنە بىر چىگىچ تۇگۇن كىلىپ قالدى ، پىلان بويىچە يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن ماڭساق ئاندىن نىشانغا بارىمىز ، ئەمما نىشانغا بارمايلا ئىككى يەردە يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ جەستى ئۇچىردى . بايا ئۇستىدە پۇتلۇشۇپ يىقىلىپ كەتكەن جەسەتنىڭ قولىمۇ قارداپ كەتكەن ، ئىنقلا چايان چېقىۋالغان ... توغرا ئۇ ۋاقىتتا مۇنۇ خوتۇن ئاز قالدۇق دىگەن . چۈشەندىم بۇ ئىشلارنى شۇ خوتۇن ئۇقىدۇ بىز يولغا چىققاندىن بۇيانمۇ مۇشۇ . خوتۇن يول باشلاپ ماڭدى

: . بۆرۈلۈپلا تاپانچىنى ئۇنۇڭغا قاراتتىم ، ھەممە قىلغان ئىشلىرىمدىن ھەيران قىلىشتى قىمىرلاشما بولمىسا ئۇنى ئېتىۋېتىمەن ! ھېلىقى خوتۇننىڭ سەبداشلىرىمۇ ئەلپازىمدىن قورقۇپ — . قالدىمۇ قورالغانى تۇتقان قوللىرىنى ئاستا چۈشىرىۋالدى

. ئەلى . نىم قىلىۋاتىسەن ؟ ماتىيەن ھەيرانلىقتا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى —

. مەن ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرىماقچى —

سەن نىمىنى ئايدىڭلاشتۇرسەن . ھېلىقخوتۇن كۆزۈمگە چەكچىيىپ تۇراتتى . مەن بىرىپ — تاپانچىنى ئۇنىڭ پىشانىسگە تەڭلىدىم . ئۇ قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك چىرايى ئۆزگىرەپ كەتكەن . ئىدى

سەن نىمشقا بىزنى بۇيەرگە باشلاپ كىلسەن، سىنىڭ ئالىم باشلىقنى قۇتقۇزىمىز دىگىنىڭ قىپ— قىزىل يالغان . مىنى گۆللەيمەن دىمە ، سەن بۇيەرنى پىشىق بىلىدىكەنسەن ، بايا بىلىپ بىلمەي قىلىپ قويغان بىر ئىغىز گىپىڭ ھەممىنى ئىچىپ تاشلىدى . قىنى ئىيتە ! ئەلپازىمنى بۇزۇپ قاتتىق

.ۋارقىردىم ئۇنىڭغا

قايسۇ گەپنى دەيسەن ئەلى ؟ مەن ئەجەپ ھېس قىممىدىمغۇ . ماتىيەن ھەيرانلىقتا ھېچنىمنى —
چۈشەنمەي ماڭا قاراپ تۇراتتى

بايا قېچىپ كىلىۋاتقاندا ئۇ ماڭا ئاز قالدۇق دىگەن ، بۇنى سەن ئاڭلىمىغان . پىلان بويىچە —
يەنە نەچچەكۈن ماڭىمىز ، ئەمما ئۇ ئاز قالدى دىدى . چۈشەندىڭمۇ ؟ ماتىيەن چۈشەنگەندەك
. بېشىنى لىڭشىتتى

ئەلى ! ھېلىقى خوتۇننى تەلەپپۇزۇ بوشاپ بايامقى ئەلپازىدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى ،— بۇ —
. ئىشلارنى سىزگە بالدۇر دىيىشىمىز كېرەكتى ،ئەمما بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بار

!ھە يەنە ۋەزىپە ، ئالىم قۇتقۇزدىغان ؟ شۇنداقما ؟ —

ياق ئالىم تۇتىدىغان . بىز دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ،ھۆكىمەت ئۇزۇندىن —
بېرى ئالىمنى پايلاپ تۇرغان ، ئۇ ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ سەككىز يۈز مىليونلۇق ئاسارە
ئەتىقىسىنى ئۆزى ئىگىلىۋالغان ھەم سېتىۋەتكەن . بىر ئاي بۇرۇن ئۇ بىر تۈركۈم ئادەملىرنى
ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلىك توغۇرىسدا خەۋەر تاپشۇرۇۋالدۇق ، ھەم ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش ئارقىلىق
يەر ئاستى قەدىمى شەھىرى توغۇرلۇق بەزى ماترىياللارغا ئېرىشتۇق . ئۇ ئېلىپ ماڭغان
ئادەملەرمۇ ئاسارە ئەتىقە ساھەسىدە نام قازانغان ئەرباپلار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق ، ئۇلارنىڭ
يەنە بىر قېتىپ دۆلەت مۈلكىگە خىيانەت قىلماسلىقى ئۈچۈن يۇقۇر ئۇنى تۇتۇپ كىلىش بىزگە بويرۇق
چۈشۈردى . بىز تاللانغان بىر گۇرپا ئادەمنى ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئۈچۈن قۇملۇقتا كىرگۈزدۇق
. ، ئەمما ئۇلار دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يۇقاپ كەتتى

شۇڭلاشقا بىزنى يەمچۈك قىلماقچى ئىكەنسىزدە ؟ شۇنداقما ؟ —

ياق ئۇنداق ئەمەس ، بىز بۇنداق بۇلۇشنى بىلمەيمىز ، پەقەت ئايرۇپىلاندى مۇشۇ ئەتراپتا —
. بىر ئازگال بارلىقنى كۆرگەن . بۇ قېتىم دىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست
. سەن ئىشىنۋاتامسەن ئاداش ؟ ماتىيەنگە قارىدىم —

. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسىنى ئادەملىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن —

. سىزنى جاڭ ئۇستىڭىز بىزگە تونۇشتۇرغان —

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلۇقۇمغا ئىشەنمەي قالدىم .— ئۇستام ؟ ئۇستام مىنى بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە تونۇشتۇردىمۇ ياكى چاقتىمۇ

تونۇشتۇردى ، بىزنىڭ باشلىق بىلەن سىزنىڭ ئۇستىڭىز يىقىن تونۇشلاردىن ئىكەن ، سىزنى ئۇ— تونۇشتۇرغان ، دوستىڭىزنى تۇرمىدىن ئىلىپ چىقىش شەرتىگە ؟

ئۇ نىمىشقا بۇنداق قىلدىكەن ؟ —

چۈنكى بۇنداق قىلسا سىزگە پايدىلىق . چۈنكى ئالىم دىگەن سىزنىڭ كىپەن ئوغۇرلىغىنىڭىز — توغۇرلۇق ماترىياللارنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بىرىپتىكەن . ئەگەر بۇ قىتىملىق ھەركىتىمىز ئوڭۇشلۇق بولسا ، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇپ كىتىشى مۇمكىن . بىز سىزگە بۇ ئىشلارنى سىزگە دىمەسلىك توغۇرلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ، چۈنكى بىزنىڭ ھەممە ! . ھەركىتىمىز مەخپى تۇرمىسا بولمايدۇ

چۈشەندىم .....ھەممىنى چۈشەندىم ! ئۇستام مىنى خوتەنگە بىكارغا ئىۋەتمەپتىكەن . بۇ قاقباش قىرى يەنە نىم ئۇيۇنلارنى ئويلار ئەمدى . تاپانچامنى ئاستا چۈشۈرۋالدىم ، ئۇنىڭ دىگەنلىرىگە . ئىشەنگەن ئىدىم

ھوي ، قولۇڭنى بىر تۇتۇپ قويسىلا ئۇنۇڭغا ئىشىنەمسەن ؟ —

ئەگەر ئۇستامنىڭ گىپىنى چىقارمىغان بولسا ئىشەنمەستىم . بولدى قالغان ئىشنى كىيىن — دىيىشەيلى . ئەمدى پىلان قانداق ؟ بۇ غار ئىچىدە مۇشۇنداق تۇرامدۇق

...................................................................... ؟!
..............................

ئەگەر ئۇستامنىڭ گىپىنى چىقارمىغان بولسا ئىشەنمەستىم . بولدى قالغان ئىشنى كىيىن — دىيىشەيلى . ئەمدى پىلان قانداق ؟ بۇ غار ئىچىدە مۇشۇنداق تۇرامدۇق ؟! ئۇنىڭ كۆڭلى

. جايىغا چۈشتى بولغاي ئىغەر ئۇھ سىنىپ قويدى

ئەمدى قاياققا ماڭساق بولا ؟ قارا ئەلى ئۈستى تەرەپتىكى ياغاچلار چىرىپ ئاران بولۇپ — قاپتۇ ، ئەگەر ئۆرۈلۈپ چۈشسە ھەممىمىز كۆمۈلۈپ كېتىمىز جۇمۇ ! ماتيەن ئۈستى تەرەپنى . كۆرستىپ تۇراتتى

توغرا ، ھېلىقى چايانلارنىڭ بىزنى قوغلىماي توختاپ قالغىنى شۇ سەۋەپتىنكەن ، ئۇلار بۇيەرگە دەسسىسە قۇمغا كىرىپ كېتىدىغىننى بىلىدىكەن . بۇنى بىرسى مەقسەتلىك ياسىغان بولۇشۇ مۇمكىن . يېنىڭلاردا ئىشلەتكۇدە نىمىلەر بار ؟ قاراپ بېقىڭلار . بىزنىڭ يىمەكلىكىمىزمۇ ، سۇيىمىزمۇ يوق . بولدى ، ماغدۇرىمىزنىڭ بارىدا بىرەر نەرسە تاپمىساق بولمايدۇ

مەندە پىچاق بىلەن قولچىراق بار . قۇرالنىڭ ئوقى تۈگىدى . شۇنداق دىگەچ تاپانچىسىنى— . كۆرستىپ قويدى

بىزدىمۇ بىردىن چىراق ۋە پىچاق بار . قالغان ئۈچىسىمۇ سۆز قىستۇردى ، — قۇرالنىڭ ئوقى . ئاز قالدى

ـ . مېنىڭ ئوقۇممۇ تۈگەي دەپ قالدى ، ماتيەنمۇ قورالنى كۆتىرىپ سۆز قىستۇردى —

ياخشى ! ئىش ئوخشاپتۇ ئەمدى ، مۇنداق قىلىنى ، شۇنداق دىگەچ ئۇلارنىڭ چىرايىغا — قاردىم . — قۇرالدىكى ئوقلارنى يىغىپ ئىككى قۇرالغىلا سالىلى ، قورال ئىشلىتىشكە ئۇستىلار ئېلىپ ماڭسۇن . قالغانلار پىچاق ئىشلىتىپ ماڭىنى . بۇ يەردە جەسەت بۇرگىسى باركەن . ئۇ . نەرسگە چاقچاق ئىشلىمەيدۇ . قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ ماڭمىساق بولمايدۇ

كاللا ئازراق ئىشلەپ قويىدىكەن جۇمۇ سىنىڭ ؟ ماتيەن قۇرالدىكى ئوقلارنى چىقارغا ماڭا — . چاقچاق قىلىپ ، قالغانلارمۇ ئوقلارنى چىقىرىغقا باشلىدى

. ئىلىك خان ! تاپانچىن ھېلىقى خوتۇنغا ئۇزاتتىم ،— خەنجەرنى ماڭا بېرىڭ —

ئىسمىم ئالىيە ، خان ئەمەس . ئۇ شۇنداق دىگەچ قىشىنى ئىتىپ قويۇپ قۇرالنى ئالدىدە — . سەبدىشىغا بەردى

ماڭا قارغاندا قەيسەر مەرگەنرەك . ئۇنىڭ ئىسمى ۋاڭخەن ئاۋۇ چەتتە تۇرغىنى جارقىن —
قازاق يىگىتى . ئۇ شۇنداق دەپ قالغانلارنى تونۇشتۇردى . تووۋا نەچچە كۈندىن ئەجەپ
دىققەت قىلماپتىمەن دىسە ، ئۇلارنىڭ چرايىغا قارسام هېچ قازاقتا ھەم خەنزۇغا ئوخشمايدىكەن
. ئۇلار بېشىنمۇ كۆتىرىپ قويماي قورالىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى ، مۇنۇ نەچچىسى يا گەپ
قىلمايدۇ ، يا چراينى ئاچمايدۇ خۇددى ئۇلارنى بۇيەرگە مەن ئەكەپ قويغاندەك . كاللامدا شۇ
خىياللارنى ئويلاۋاتاتىم تۇيۇقسىز كەينى تەرپىمدىن ئادەمنى تىننى شۈركەندۈرگىدەك سوغۇق
. شامال ئۇرۇلدى
چراقنى بېرىڭلار ! ھىلىقى خوتۇنغا ياق ئالىيەگە قولۇمنى سوزدۇم . چىراقنى ئېلىپ كەينى
تەرپىمگە ياقتىم ، كەينى تەرپىمدە ئىككى ئادەم پاتقۇدەك تىك تۇرسا باش تىگىپ قالغىدە بىر
. ئۆڭكۈر تۇراتتى . — شامال دەل مۇشۇ يەردىن چىقىۋاتىدۇ . قاربىغاندا بۇ بىرەر بوشلۇققا تۇتىۇشىدۇ
قالغانلارمۇ كەينىمدىن كىلىم چراقلىرىنى يېقىشتى ، ئۆڭكۈننىڭ تۆت قىرلىق بولۇپ ئېنىقلا
. ئادەم قىلغىنىچىقىپ تۇۋاتتى
چراقنى توكى قانچىلىك يىتىدۇ ؟—
! ئىككى سائەتتىن ئۇشۇق يىتىدۇ —
ئاۋال ئىككىسىنى ياندۇرۇپ ماڭايلى ، قالغان ئىككىسىنى كىيىن ياندۇرايلى . بۇيەردە —
قانچىلىك تۇرىشىمىزنى بىلمەيمىز ، چىراقنىڭ توكىنى ئايايلى . قۇرلنى تەييارلاپ بولدۇڭلارمۇ ؟
. تەييا بولدى . ماتىيەننىڭ قورالنى بەتلۇەتكەندىن كىيىن —
. ئەمسە ئىككىمىز ئالدىدا ماڭايلى قەيسەر سەن كەينىدە ماڭ . ئىككىڭلار بىزنى قوغداپ مېڭىڭلار
شۇنداق قىلىپ ماتىيەن بىلەن ئىككىمىز بېشىمىزنى تۆۋەن قىلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردۇق ،
قالغانلارمۇ بىزگە ئەگىشىپ كىرىشتى . ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى شۇنداق سوغۇق بولۇپ ، پۇت قوللۇرۇم
تىترەپ كېتىۋاتاتتى . چىراق پەقەت بەش ئون مىتىر دائىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئالدى تەرەپتىن بىر
نەرسە چىقىپ قالمىغدى دەپ يۈرۈكۈم ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى ، قەدەملىرىمىزنى شۇنداق ئاستا ئېلىپ

. ئېھتىيات بىلەن كىتىۋاتاتتۇق

. ئەلى ! ماتىيەننىڭ چاقىرشى بىلەن چۆچۈپ ئالدىمغا قاردىم ، ھېچنەرسە كۆرەنمەيتتى —

. نىم بولدى ؟ بىرنەسە كۆدۈڭما ؟ شۇ تاپتا ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كىتىۋاتاتتىم —

يەگە قارا ، ئۇ شۇنداق دەپ ، چىراقنى پەسكە قاراتتى . پەستە قالايماقان ئاياق يەزلىرى —

كۆرنىپ تۇراتتى ، خۇددى بىرسى بۇيەردى بىرسى بىرەر نەرسىدىن ھودۇقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى

. بىرمىتىر نېرىدا ئىككى قولنى يەرنى تاتىلىغان ئىزى ئۆڭكۈرنى ئىچى تەرپىگە سوزۇلۇپ كىرىپ

. كەتكەن ئىدى

قارىغاندا بىرسى بۇ يەردە خەتەرگە يولۇققان ئوخشايدۇ . قارا بۇ بارماق ئىزلىرى ئۆڭكۈرنى —

. ئىچىگە سوزۇلغان ، قارىغاندا بىرەر مەخلۇق ئۇنىڭ كەينىدىن تارتىپ مېڭىپتۇ

. ھەممىمىزنى قورقۇنۇش چىرمىۋالغان ئىدى

قانداق قىلىمىز ؟ ماتىيەن چىرايىمغا تىكىلىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ قورقۇپ كەتكىنى

. چىقىپ تۇراتتى

بۇ يەرگىچە كەلدۇق ، ئەمدى قايتىشقىمۇ ئامال يوق ، ھېلىقى غاردىن قانداق چىقىز دېگەن

!گەپ ، چىقساقمۇ ھېلىقى چايانلار بىزنى ساقلاپ تۇرامدۇ تېخى .؟

ماتىيەن گەپ سىكز قىلمايلا ئالدىغا قاراپ بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا باشلىدۇق . بۇ

ئۆڭكۈرنىڭ ئايىقى چىقمايۋاتاتتى ، شۇ تاپتا ئىچىم شۇنداق تىتىلداپ كەتكەن ئىدى ، ئۆڭكۈر

. بارغانسىرى ئاستى تەرەپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى

نىمانداق ئۇزۇن ئۆڭكۈر بۇ ، ئۆزلىرنى كارىز چاپتۇق دەپ قالدىمۇ بۇ خەق ؟ ئۆز- ئۆزەمگە

غۇدۇرغانچە كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ماتىيەننىڭ بېشىغا ئۈسىۋالدىم . قالغانلارمۇ كەينى كەينىدىن بىر

. ـ بىرىگە ئۈسىۋالغان ئىدى

ۋاي بېشىم ! توختايمەن دەپ قويساڭ بولمامدۇ . ماتىيەنگە قاقشىغانچە ئۇنىڭغا قاردىم ئۇ —

چىراقنى ئالدى تەرەپكە قارتىپ قىمىر قىلماي تۇراتتى .— نىمىگە قاراۋاتىسەن ؟ شۇنداق دېگەچ

ئالدىمغا قاراپ يۈرۈكۈم جىغ قىلىپ قالدى . ئۇن مىترچە ئالدىمىزدا سۈز بىر سايا تۇراتتى . چىراقنىڭ نۇرى يەتمىگەچكە ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى .

چىراقنى ! پات قالغان چىراقنى چىقىرىڭلار ، شۇنداق دىگەچ قولۇمنى كەينىگە سۇندۇم . — ئالىيە قالغان ئىككى چىراقنىمۇ قولۇمغا سۇندى ، ئىككى قۇلۇمدا ئىككى چىراقنى تەڭلا ياندۇرۇپ ئالدىمغا قاراتتىم . قورقۇپ كەتكىنىمىسىن ھەممىمىز كەينىگە نەچچە قەدە يېنىپ كەتتۇق .

ئالدىمىزدا ئىكى قولىنى يېيىپ تۇرغان بىرسى كەڭەرەك بىر بوشلۇقتا پۇتى يەرگە تەگمىگەن ھالدا لەيلەپ تۇراتتى . ھازىرقى قورقۇشنى ھىنمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى . ھەممىمىز ئورنىمىزدا قىمىر قىلماي تۇراتتۇق .

جىن ئەمەستۇ ئەلى ؟ ماتىيەنمۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاۋازلىرى تىترەپ چىقىۋاتاتتى —

مەنمۇ بىلەلمىدىم —

ئەمسە ئوق چىقىرايمۇ ؟ —

ياق چىقامايتۇر . ئەگەر جىن ـ ئالۋاستى بولسا ئوق ئاتقىنىڭ باكا —

ئەمسە قاندا قىلمىز ، مۇشۇنداق قىمىر قىلماي تۇرامدۇق ، يا كەينىمىزگە يېنىپ كەتكىلى — بولمىسا .

ئاۋال ئالدىغاراقىقا مېڭىپ ئېنىق كۆرۈپباقىنى . قانداق؟ بۇ گەپنى قىلغىنىم بىلەن ئالدىغا — ماڭغۇدەك جېنىم قالمىغان ئىدى .

ماقۇل ھەممىڭلار تەييار تۇرۇڭلار ھە ! شۇنداق دىگەچ ھەممىمىز بىر قەدەم بىر قەدەمدىن— ئالدىغا سۈرۈلۈشكە باشلىدۇق ، ھېلىقى نەرسە قىمىر قىلماي تۇراتتى ، بۇ ھال مىنى تېخىمۇ قورقىتتى . ھېچ بولمىغاندا ئازراق مىدىراپ قويغان بولسىچۇ يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشكەن بولاتتى . ئەمما بىز يېقىن بارساقلا ھەممىمىزنى تۇتۇپ يەۋېتىدىغاندە قىمىر قىلماي بىزگە تىكىلىپ تۇراتتى .

ئاداش مىدىرلىسىلا ئات جۇمۇ ؟! قورقۇنۇشتىن مىنىڭمۇ ئاۋازىم تىترەپ چىقىۋاتاتتى — ماتىيەن گەپ ـ سۆزسىز بېشىنى لىڭشىتتى . يەنە بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كىيىن ماتىيەن

. بېشنى ئالدىغا سوزۇپ سىنجىلاپ قارپ كەتتى

جەسەتكەن ، ئادەمنىڭ جەستى تورغا ئېسىلىپ قاپتۇ . بوگەينى ئاگلاپ بىر ھەيرانلىقتا بىر—
خوشلۇقتا ئۇنىڭغا سىنجىلاپ قاردىم ، ھەقىقەتەن بىر جەسەت ئېسىقلىق تۇراتتى . كىرىشىپ
. كەتكەن بەدىنىم ئەمدى بوشىغاندەك قىلاتتى

. ئۇف ! ھەجەپمۇ قورقۇتتى بۇ . كەينىمدىن ئالىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى —

بىرىپ كۆرۈپ باقايلى ، ماتىيەن شۇنداق دىگەنچە قەدىمنى تېزلىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى -
. بىزمۇ كەينىدىن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق

چىرىپ بىر تىرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان جەسەت ئۆمچۈك تورىغا كىرىست شەكلىدە ئېسىلىپ
تۇرۇپ قالغان ئىكەن . يىراقتىن قارىغاندا خۇددى ئاپپاق پىلاچ كىيىۋالغان ئالۋاستىدەكلا
. كۆرىنەتتى

بۇ يەردە ، چايان بىلەن جەسەت بۇگىسلا باردەك قىلمايدۇ جۇمۇ ئەلى . ماتىيەن جەسەتكە—
چاپلىشىپ قالغان تورنى تارتىپ كۆرۈپ بېقىپ ،— قارا بۇ ئۆمچۈك تورىنىڭ تومىلىقىنى ،چىڭلىقىنى
تارتىپ ئۈزگىلى بولمىغۇدەك . قانچىلىك يوغان ئۆمچۈك بولسا ئادەمنى مۇشۇنداق كۆتىرىپ
!ئاسالايدۇ ؟

ئۇنىڭ گىپى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ئىدى . بۇ ئۆگكۈردە ھەقىقەتەن ئۆمچۈك باركەن بولغاندىمۇ
. ئىنتايىن چوڭكەن

ھەممىدىن چاتاق يېرى يول ئىتلىپ قاپتۇ . ئالىيەنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز —
. ئۆگكۈرنىڭ ئايىقىغا قارىدۇق ، پۇتۇن يەر ئۆمچۈك تورى بىلەن توسلۇپ كىتىپتۇ ئەمەسمۇ
بۇ تورلارنى ئۈزگىلى بولمىسا قانداق قىلىمىز ؟ ئىلىشىپ قالساق ئىش تېخىمۇ چاتاق . شۇنداق—
. دىگەچ خەنجەر بىلەن كىسىپ باقتىم ھەقىقەتەن كەسمەك تەس ئىكەن

. ئوت . ئوتتا كۆيدۈرۈپ يول ئاچساق بولىدۇ . ماتىيەننىڭ بۇ گىپى كاللامنى ئېچىپ قويدى
سېنىڭ بىلمەيدىغىنىڭمۇ بارمۇ ؟ ھەربىلىكتە شۇنداق جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنەمدۇ ؟ شۇنداق—

دىگەچ ئۈنىگغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم

شۈنداق دىسەمۇ بولىدۇ . ئەمما كىمدە چاقماق بار ؟ —

مەندە بار ! ۋاھخەن شۇنداق دىگەچ يېنىدىن تۇمۇر قاپلىق كونا چاقماقنى سۇندى .— —

. ئىشلىتىپ بوپ قايتۇرۇپ بەر . خوتۇنۇم سوغا قىلغان

ماتىيەن ئۈچىسىدىكى چاپىنىنى ۋە مايكىسىنى سىلۇۋېتىپ مايكىنى خەنجەرنىڭ ئۇچىغا چىك يۆگەشكە

باشلىدى . چاپىنىنى كىيىۋالغاندىن كىيىن چاقماق بىلەن مايكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن

. چاقماقنى ۋاھخەنگە قايتۇرۇپ بەردى

ھېلىمۇ سەن بولۇپ قاپسەن ئاداش . ئەگەر قايتىپ كىتەلىسەم ساڭا مايكىدىن بىرنى سوۋغا —

قىلىمەن . شۇنداق دىگەچ ماتىيەنگە قاراپ ھىجىيىپ قويدۇم . ئۇنىڭ بىلەن دائىم مۇشۇنداق

. تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىشاتتۇق

مايكاڭنى ئۆزەڭ كىيىۋال . كۆزىمگە ئالىيىپ قاراپ قويۇم تورلارنى كۆيدۈرۈپ يول ئېچىشقا —

باشلىدى . ئۇنىڭ تاپقان ئۇسۇلى ھەقىقەتەن ئەسقاتتۇۋاتاتتى . بىردەمدىلا نەچچە مىتىر يەردىكى

. تورلارنى كۆيدۈرۈپ بولغان ئىدى

. ئەلى چىراقنى يېقىن ئەكەل ! ئۇ مىڭشتىن توختاپ قالغان ئىدى —

ھە مانا ، شۇنداق دىگەچ چىراقنى ئالدىغا قاراتتىم ، ھەممىمىزنى قايتىدىن قورقۇنۇش —

چىرمىۋالغان ئىدى . ئالدىمىزدا خۇددى كىپەنلەنگەندەك نۇرغۇن جەسەتلەر ئېسىقلىق تۇراتتى .

. قورقۇۋۇشتىنمۇ ياكى كۆڭلىمىزنىڭ يېرىملىقىدىنمۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىشتۇق

جەسەتكە چېقىلماي ئەگىپ ئۆتتىنى . ماتىيەن كەينىگە بۇرۇلۇپ بىزگە قايتا تەكىتلىدى . ——

. ئۆمچۈك ئوزۇقلۇقىنى بەك قوغدايدۇ شۇڭلاشقا ئامال بار ئۇ جەسەتلەرگە تەگمەيلى

بۇ جەسەتلەرگە خېلى بولغاندە قىلدۇ . بەزىلىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كېتىپتۇ . بەلكىم —

ئۇلار ئاللىقاچان ئۆمچۈكنىڭ ئوزۇقلىقىغا ئايلىنىپ بولغاندۇ . شۇنداق دىگەچ ماتىيەننىڭ چىرايىغا

. قاردىم

مەيلى نىملا بولمىسۇن ئۇلار قېچىپ قۇتىلالماپتۇ . بەلكىم ھېلىقى ئۆمچۈك ھايات بولۇشى — مۇمكىن . شۇڭلاشقا ئېھتىيات قىلايلى . ئۇ شۇنداق دىگەچ ئىسقىلىق جەسەتلەردىن ئەگىپ مېڭىشقا باشلىدى . بىزمۇ ئېھتىيان بىلەن ئەگىپ مېڭىشقا باشلىدۇق . نىمانداق جىق ئادەم بۇ ، ھېلىمۇ ئون نەچچىسىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق ئالدىمىزدا يەنە نۇرغىنى بار ئىدى ، شۇنداق مېڭىۋېتىپ كۆزىم ئىسقىلىق تۇرغا جەسەتكە چۈشتى ، ئۇنىڭ يۇدىۋالغان سومكىسىنى بىرقىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، . قالغان يەرلىرى ئۆمچۈك تورى بىلان قاتمۇقات ئورىۋېتىلگەن ئىدى

ماتىيەن ! ئاستا چاقىردىم ئۇنى .— قارا ئۇنىڭ سومكىسى باركەن كۆرۈپ باقمايمىزمۇ ؟ — . قانداق بولۇر ئوت ئۇچەيلا دەپ قالدى —

مېنىڭ مايكامنى كۆيدىرەيلى ، ئۇنى چىقىرىپ كۆرۈپ باقايلى . لازىملىق نەرسە چىقىپ — . قالا

ماتىيەن بىلەن ئىككىمىز ھېلىقى ئىسقىلىق تۇرغان جەسەتنى پەسكە چۈشۈردۇق . پىچاق بىلەن جەسەتنى ئورىۋالغان تورلارنى كىسىشكە باشلىدۇق ، ئالاھەزەل بەشمىنۇتلاردا ئاان كىسىپ بولغان ئىدۇق . تورلارنى قايرىۋېتىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران قېلىشتۇق ، چۈنكى جەسەت تېخى چىرىمىغان . تېخى يېڭىلا ئىسلىغاندە قىلاتتى . ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا بىر بىرىمىزنىڭ چىرايىغا . . قاراپ قېلىشتۇق

سومكىنى ئال تېز بول بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلى . قارىغاندا ئۆمۈچۈك مۇشۇ ئەتراپتىكەن . — . قارا ئۇ يېڭى ئىسلىپتۇ

ماتىيەننىڭ گىپىنى ئاڭلاپ سومكىنى تېزلىكتە ئالدىمدە ئۇنى ئۆرۈپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تۆكۈشكە . باشلىدىم . خۇداغا شۈكرى ئازراق بولسىمۇ پىرىسلانغان يىمەكلىك بار ئىكەن

ھەممىسى جانغا ئەسقاتمايدىغان ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەركەنغۇ ! ماتىيەننىڭ — . ئۈمۈدسىزلەندى بولغاي نەرسىلەرنى سومكىغا قاچىلاشقا باشلىدى

ئازراق بولسىمۇ يەيدىغان نەرسە باركەنغۇ ، تىجەپ يىسەك بىر نەچچە كۈن يىگۈدەكمىز . —

يىنىنى ئاختۇرۇپ باقايلى . شۇنداق دىدىمدە ئۇنىڭ يىنىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم . چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قۇلۇمنى سىلىشىمغا قاتتىق بىرنىرسە قۇلۇمغا ئۇرۇلدى ، چىقىرىپ قارسام ئالتۇن تەڭگىكەن . تەڭگىنىڭ يۈزىدىكى شەكىل سىدىق بوۋاي بەرگەن ئۈزۈكتىكى شەكىل ئىسمىگە كىلىپ . بارمىقىمغا قارىدىم . دەرۋەقە مۇشۇ يەركەن

ئۇلار تىپىپتۇ . بايلىق بار يەرنى تىپىپتۇ . شۇنداق دىگەچ قۇلۇمدىكى تەڭگىنى ئۇلارغا — . سۇندۇم

بايلىق بار يەرنى ؟ ئالىيە ھەيرانلىقتا سورىدى . — بۇ يەردە بايلىق بامىكەن ؟ — سىلەر بىلمەمسىلەر ؟ —

. ياق بىزگە بۇ توغۇرلۇق ھىچقانداق خەۋەر بىرىلمىگەن —

بىلمىگىنىڭلار توغرا . چۈنكى بۇ يەرنى ھىچكىم بىلمەيدۇ . مەن ھىلىقى سىدىق بوۋايدىن — ئاڭلىغان . ئەمما ئالىم دىگەن ھارىمى نەدىن ئۇقۇپ قالغىنىنى بىلمەيمەن . شۇنداق دىگەچ ئۇنىڭ . يىنىنى يەنە ئاختۇرۇشقا باشلىدىم ، تۈيۈقسىز بىلىنىڭ كەينىدىن بىرنەرسە ئۇرۇلدى . تاپانچا دىدىمغۇ ئەسقاتىدىغان نەرسە ئۇچرايدۇ دەپ . شۇنداق دەپ تاپانچىنى ئىلىپ كۆتىرىشگە — ھىلىقى جەسەت كاپلا قىلىپ قولۇمنى تۇتىۋالدى . قورقۇپ كەتكىنىمدىن تاپانچىمۇ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى . تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن پۈتۈن بەدىنىم بىردەمدىلا سوغۇق تەرگە چۈكۈپ كەتتى . قولۇمنى شۇنچە تارتسامۇ قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى . قالغانلارمۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن كەينىگە چىكىنگەن ئىدى . ماتىيەن قۇرالنى ئىلىپ ئوق چىقراي دىيىشىگە ،ھىلىقى ئادەم كۆزىنى . ئىچىپ ماڭا قاراپ سىزلەشكە تەمشەلدى ئەمما ئۇ شۇنچىلىك قىينىلىپ سۆزلەۋاتاتتى

قى قىچىڭلا ... تىز قىچىڭلاااااا .... شۇنداق دەپ بولۇپ كۆزلىرىنى كۆزلىرىنى ماڭا — چەكچەيتكەنچە جان ئۈزدى . پۈتۈن ئەس يادىمنى قورقۇنۇش چىرمىۋالغان ئىدى . ھازىرلا ئۆمۈچۈكتىن بىرى كىلىپ بىزنى يەۋىتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . قۇلۇمنى ئاستا تارتىۋالدىمدە .ماتىيەنگە قاراپ قويدۇم

ماڭايلى ئاداش . بۇ يەردە تۇرغۇم يوق . شۇنداق دىگەنچە مايكامنى سىلىپ ئۈنكگا —
تەڭلىدىم . ئۇ بۇرۇنقىدەك خەنجەرنىڭ ئۇچىغا يۆگەپ ۋاڭخەنگە قارىدى ئۇمۇ چۈشەندى بولغاي
چاقمىقنى چىقرىپ ئۈنكگا ئاتتى . ئۇچامدا بىرلا يۇققا چاپان بولغاچقا بەدىنلىرىم تىترەپ
كېتىۋاتاتتى . ماتىيەن ئەمدى ئوت ياقاي دەپ تۇرۇشىغا كەينى تەرپىمىزدىن بىرنەرسىنىڭ
چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ھەممىمىز قورقۇنۇش ئىچىدە چىراقنى كەينگە قاراتتۇق يىراقتىن
. بىرگەۋدە ئاستا بىزگە يېقىنلاپ كىلىۋاتاتتى . ئاستا ئاستا ئۇنىڭ گەۋدىسى ئېنىق كۆرۈنىشكە باشلىدى
خۇدا ئۆزەڭ ساقلىغىن . ئۇنىڭ پۇتلىرىمۇ كېمىدە ئىككى مېتىر كىلەتتى . ئۇ ئۆڭكىرگە پاتماي
. تۆگىلىپ مېڭىۋاتاتتى . ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان ئادەممۇ ساراڭ بولۇپ قالار بولغىدى
ئوت تۇتاشتۇر .! پات بول ! پات !پات !پات ! پات !!!! ھەممىمىز شۇنچە جىددىيلىشىپ —
كېتىۋاتاتتۇق . ماتىيەن ئوتنى يېقىپلا يول ئېچىپ مېڭىشقا باشلىدى . بىزنىڭ
چىكىنىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ ھېلىقى ئۈمۈچۈكمۇ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ كىلىشكە باشلىدى . تاك تاك
قىلغان ئاۋاز بىلەن ھېلىقى ئۈمۈچۈكمۇ قايىدا يېتىپلا قالدى . ئۇنىڭ يېتىپ قېلىشى بىلەنلا كەينىدىن
. يەنە بىر ئۈمۈچۈك چىقىپ بىزنى قوغلاشقا باشلىدى

. ئاناڭنى بۇنەرسە خېلى بار ئوخشامدۇ ، بىر پاي ئوقتا جېنى چىقىدىكەن دەپ قويساق
قانچىلىك مايغىنىمنى بىلمەيمەن تۇيۇقسىز پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتۇق . قانچىلىك
دومىلىدىمكىن بېشىلىرىم ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا تاشلارغا سوقۇلۇپ كۆزلىرىمدىن يۇلتۇز كۆرۈنىشكە
باشلىدى ، ئۆزەمنى ھېچ تۇختىتالمايتتىم خېلى ئۇزۇن دومىلىغاندىن كىيىن ئۆزەمنى بىر بوشلۇقتا
چىقىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم .كۆزىمنى ئېچىپ قارسام ئاستىمدا ساپ سىلىرىق بېرنىملەر باركەن .
ئىككى قۇلۇم بىلەن بېشىمنى تۇرۇۋالاي دەپ بولغىچە ‹ جاك ـ جۇك › قىلىپ بىر مۇنچە تۈمۈر
تەستەكىنىڭ ئۈسگىلا چۈشتۈم ، بۇ قېتىم ئانچە ئىگىزدىن چۈشمىسەممۇ قاتتىق نەرسىنىڭ ئۈستىگە
چۈشكەچكە ئېغىز ـ بۇرنۇمدىن قان چىقىپ كەتكەن ئىدى .بىلىم سۇنۇپ كەتكەن ئوخشامدۇ
؟! بەدىنىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى . ئۆزەمنى دەڭسىۋالاي دىگۈچە ئۈستىن ئالىيەنىڭ ۋارقىرىغا

ئاۋازى ئاڭلانددە ئۈستۈمگىلا چۈشمەسمۇ . .... بۇ قېتىم راستلا بولالماي قالغان ئىدىم .

. ئۆزەمنىڭ قاچانلاردا ھۇشۇمدىن كەتكىنىمنى بىلمەيمەن

ئەلى . ئەلى ! كۆزىڭنى ئاچ قانداق تۇرسەن . ماتىيەن يۈزۈمنى شاپىلاقلاپ —

. ئۇرۇۋېتىپتىكەن . كۆزىمنى ئىچىپلا ئەلپازىمنى بۇزدۇم

بولدى ئۇرىۋەرمە ! مەن ھۇشۇمغا كېلىپ بولدۇم . بىشمىنتەستە كۆتىرۈپ ئۆلارغا قارىدىم—

.قالغانلارمۇ ئەسكى ئەلەنقە ئىچىدىن ئاران تۇرۇۋېتىپتۇ . ئالىيە ئۆلارنى يۆلەشتۈرۈپ بولۇپ

. يېنىمغا كەلدى

.... كەچۈرۈڭ ھە ئۆزەممۇ بىلمەيلا —

نىمە ؟ سىزنىڭ مىنىڭ ئۈستۈمدىن باشقا يەرگە چۈشسىڭىز بولمامدىكەن ھە؟! مۇشۇنىڭ —

بىلەن ئىككى قېتىم بولدى جېنىمنى ئالاي دىدىڭىز . يا يىنىكرەك بولسىڭىزكەن كاشكى . قىز

بالىمۇ سىزدەك ئېغىر بولامدۇ ؟

. مەنمۇ قەستەن قىلمىدىمغۇ ؟ ! ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوڭايسىزلانغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى —

بولدى بولدى . بىلمەن قەستەن قىلمىغىنىڭىزنى . مىنى يۆلۈپ قويىڭە . ماتىيەن —

بىلەن ئىككىسى مىنى يۆلەپ تۇرغازدى .— خۇداغا شۈكرى بىپلىم ساقكەن ؟ قالغانلا ساقمۇ

ھەممىمىز ساق ! قارا ئەلى بۇيەر قەيەر ؟ —

ئۆزەمنى تۇزەشتۈرۈپ ئالدىمغا قاراپ ئېغىزىمنى ئىچىپلا قالدىم . نىمانچە جىق ئالتۇن بۇ —

! ؟ بۇ راسكەن سىدىق بوۋاي دىگىنى راستكەن بىز كىرورەنگە كەپتۇق ئاداش

نىمە كىرورەن ؟ ھەممىسى ھەيرانلىقتا ماڭا قاراشتى . — كىرورەن بۇ يەردىن ئىككى يۈز —

كىلومىتىر يىراقلىقتا تۇرسا . بۇ يەر ئاستى قانداق قىلىپ كىرورەن بولۇپ قالدۇ ؟

!!!! مەنمۇ چۈشەندۇرۈپ بىرەلمەيمەن ! توغرا بۇ چۈشەندۇرۈپ بولغىلى بولمايدىغان پاكىت—

باب ـ 8

شەھەر ئىچىدىكى شەھەر

كىم سىزگە بۇ يەرنى كىرورەن دەيدۇ ؟ ئالىيە ھەيرانلىقتا ماڭا قاراپ تۇراتتى ، ئالىيەلا ئەمەس— . ھەممىسى ماڭا ھەيرانلىقتا قاراپ تۇراتتى

يۈز يىل بۇرۇن ھېلىقى بوۋاي كەلگەن بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن ، ئۇلار بىر چەتئەللىكە يول — باشلاپ كەپتىكەن . ئەمما ئۇلاردىن شۇ بوۋايلا ھايات قاپتىكەن . مەن شۇنداق دىگەچ ئەتراپقا قارىدىم . نىمىدىگەن جىق بايلىق بۇ . ئالتۇن ياقۇت ، ئالماسلا خۇددى شامان دۆۋىسىدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان . بىز دەل شۇ ئوردىنىڭ ئوتتۇرسىغا چۈشۈپ كىتىپتىمىز ، بىشىمنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە قارىدىم ، بۇ يەرمۇ خىلى ئىگىزكەن يەر بىلەن تورىسىنىڭ ئارلىقى ئون بەش - . يىگىرمە مىتىردەك كىلىپ قالاتتى ، تورۇستا بىز يىقىلىپ چۈشكەن يوغان تۆشۈك بار ئىدى

ھېلىقى جەسەتنى ئۆمۈچۈك مۇشۇ تۆشۈكتىن ئېلىپ چىققانمۇدۇ ؟ ئۇ نىمشقا بىزنى قوغلاپ — كەلمەيدۇ ؟

. ئۇنى مەن ئېتىۋەتتىم ؟ قەيسەر شۇنداق دىگەچ ئۈستىگە قاراپ قويدى —

ياخشى ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن دۈشمەندىن بىرسى ئازىيىپتۇ . پەستە چىچىلىپ تۇرغان — ئالتۇن تەڭگىلەرنى قارىدىم ، ئۈستىدىكى ھېلىقى ئادەمنىڭ يانچۇقىدىن چىققان تەڭگىگە ئوخشاش . بەلگە بار ئىدى . يانچۇقۇمدىن ھېلىقى تەڭگىنى ئالدىمدە ئالتۇنلارنى ئۈستىگە تاشلاپ قويدۇم

ھوي ! كىيەن ئوغرىسىغا ئىنساپ كىرىپ قالدىمۇ نىمە ؟ مەن تېخى سىنى سومكىغا لىقلاپ — . قاچىلارمىكىن دىسەم ....؟ ماتىيەن يېنىمغا كىلىپ مەسخىرە ئارلاش كۈلۈپ قويدى

چاقچاق قىلما ئاداش . بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قىلتاق ، ھېچقانداق نەرسىگە — . چىقىلماڭلار . بۇلار بىزگە تەئەللۇق نەرسىلەر ئەمەس

!قىلتاق ؟ قانداق قىلتاق بار ؟ ھېلىقى قېرى ساڭا خىلى جىق نەرسە دەپ بېرىپتۇ ھە ؟ —

بۇ يەردە يىلان چايانلار بار . تېز كىتىۋالايلى . مەن شۇنداق دەپ ئۈستىدىكىقەستتىن — ئېلىۋالغان سومكىنى يۈدۈپ ئەتراپقا قارىدىم . بىز ھازىر ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا . ئوردىنىڭ

كەينىدىكى تام پۇتۇنلەي توسۇۋېتىلگەن ، ئوردىنىڭ ئالدى تەرپىدە ئىككى ئادەمنىڭ غۇلچى
. كەلەۋدەك تاش تۈرۈكلەر بار بولۇپ شۇنداق ھەيۋەت كۆرۈنەتتى

خاتا ! سىدىق بوۋاي دىيىشچە كەينى تەرپتە چىقىش ئېغىزى بار ئەمما بۇ —
يەردە ھېچقانداق چىقىش ئېغىزى يوق ھەتتا كىچىكرەك ئىشىكمۇ يوق . ئىشلار سەل غەلىتىمۇ نىمە
. ؟ قاراڭلا مەشئەللەرمۇ يېنىپ تۇرۇپتۇ

. توغرا مەشئەللەرمۇ يېنىقلىق ، كىم قىلغاندۇ ؟ ئالىملار ئەمەستۇ ھە —

بەلكىم ؟ تېزراق ماڭايلى ئىشلار سەل باشقىچە . ھەممىمىز ئوردىنىڭ ئالدىغا قاراپ —
مېڭىشتۇق . يېقىن كەلگەندە ئالدىمىزغا ياغاچ جەسەت ساندۇقلىرى كۆرۈنىشكە باشلىغان ئىدى .
ھەممىز قەدەملىرىمىزنى ئاستىلتىپ ئاستا يېقىنلاشقا باشلىدۇق ، ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن يەتتە جەسەت
. ساندۇقى تىزىلىپ قويۇلغان ئىدى

بەك يېقىنلىشىپ كەتمەڭلەر . ئۇنىڭ ئىچىدە يىلان چايان بولۇپ قالمىسۇن . شۇنداق —
دىگەچ ئاستا يېقىنلاشقا باشلىدۇق . ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەسەتلەر چىرىپ كەتكەن . ئوتتۇردىكى
جەسەت ساندۇقى باشقى جەسەت ساندۇقلىرىدىن كۆرۈنەرلىك يوغان ئىكەن جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ
ئىچىدە ھېقانداق دەپنە بۇيۇمى يوق يوق . مەن بېشىمنى پەس قىلىپ ساندۇقنىڭ ئاستىغا قاراپ
چۆچۈپ كەتتىم ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئالتۇن قاچا تۇراتتى قاچىنى ئىچىدە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان
بىر گۈپ پۇرەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان ئىكەن . سىدىق بوۋاي دىگەندەك بىر تال نەيچە جەسەت
. ساندۇقنىڭ ئاستىدىن چىقىپ ئالتۇن قاچىغا توغرىلانغان ئىكەن

ياق ، قانداقسىگە بۇنداق بۇلىدۇ . مەن يەنە بىر ساندۇقنىڭ ئاستىغىمۇ قارىدىم ئۇنىڭدىمۇ —
بار . ئۇچىنچىسىدىمۇ بار .... قىزىق ھەممە جەسەت ساندۇقنىڭ بىردىن ئالتۇن
قاچا باركەنغۇ ؟ سىدىق بوۋاي ئۇلارنى ئېلىپ چىقىۋالغانغۇ ؟! ئەجىبا بۇ باشقا ئوردا ئەمەستۇ ھە
؟! بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن ؟

. سىزنىمگە قاراۋاتسىز ؟ ئالىيە مىنىڭ ھەركىتىمنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن —

مۇنۇ جەسەت ساندۇقنىڭ ئاستى تەرپىدىكى ئالتۇن قاچىلارغا قاراۋاتىمەن ، بۇ گۆللەر نەچچە —

. مىڭ يىل بۇيان قۇرىماي تۇرغان

. نەچچە مىڭ يىل ؟! ھەممىسى ھەيرانلىقتا بىشنى پەس قىلىپ گۈلگە قاراۋاتاتتى —

ھەئە . بىراق سىدىق بوۋاي بۇ ئالتۇن قاچىلارنى ئېلىپ كىتىپتىكەن ، لېكىن بۇ قاچىلار يەنە —

. جايىدا تۇردۇ

بۇ گۈل نىمانداق خۇشپۇراق! ئالىيە شۇنداق دىگەچ قولىنى گۈلگە سۇندى .چاققانلىق بىلەن —

. ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم . مىنىڭ بۇھەركىتىمدىن قورقۇپ كەتتى بولغاي قولىنى ئاستا تارتىۋالدى

. بۇ نەرسە ئەپسۇنلانغان . سىلەرگە دىدىم ھىچقانداق نەرسىگە تەگمەڭلەر دەپ —

ئەپسۇنلانغان ؟! ئەپسۇنلانغان نەرسە شۇنداق خۇشپۇراق پۇرامدىكەن. بۇ گۈلنىڭ ئۇرىقىدىن —

. ئېلىپ كىتىپ ئۆيدە تېرىپ قويساق بولمامدۇ . ماتىيەن مايا قاراپ سەت ھىجىيىپ تۇراتتى

ئا..... چاقچاق قىلما دەيمەن . بۇ دىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست . بۇنىڭغا قارىغىش —

. سۆزلىرى يېزىلغان

ـ بۇنىمۇ ھېلىقى قېرىدىن ئاڭلىدىڭمۇ ؟ —

( . شۇنىڭدىن ئاڭلىماي كىمدىن ئاڭلايمەن ؟! بۇ يەرگە كەلگىنى ئېنىق تۇرسا —

بولدى قىساڭلارچۇ ، ما گەپنىڭ ئايىقىنى بىر ئاڭلايلى . ئالىيەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بىزگە —

. ئالىيىپ تۇراتتى . — بۇ نىڭغا قانداق قارغىش سۆزى يېزىلىپتۇ گىپىڭىزنىڭ ئايىقىنى قىلىڭە

مەن ماتىيەنگە كۆزدىڭمۇ بۇنىڭ ئاچچىقىنى دىگەن مەندە قاراپ قويۇپ گىپىمنى باشلىدىم ،— بۇ

گۈل جەسەت گۈلى دەپ ئاتىلىدىكەن ،جەسەت بۇ ساندۇققا قويۇلغاندىن كىيىن مايلىرى ئېقىپ ئاۋۇ

نەيچە بىلەن بۇ قاچىغا چۈشىدىكەن ، بۇ يەتتە ساندۇقنىڭ ئاستىدىكى قاچىلارنى بىر يەرگە ئەپ

كەلسە بىر ئەپسۇننىڭ مەزمونى چىقىدىكەن . بۇ ئالتۇن قاچىلار پۇل مال دۇنيانى مەقسەت قىلغان

ناچار ئادەملەرگە ناھايىتى بەتبۇي پۇرايدىكەن تېنى ئاستا ـ ئاستا چىرىپ كىتىدىكەن ، ئاق كۆڭۈل

، ياخشى نىيەت ئادەملەرگە ناھايىتى خۇشبۇي پۇراپ ئۆمرىنى ئۇزاق قىلىدىكەن . مەن سىدىق

. بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرگەندە مۇشۇ قاچىنى كۆرگەن . ئۆينىڭ ئىچىمۇ مۇشۇ پۇراقتا تولۇپ كېتىپتىكەن

ئەمسە ئۇ قېرى قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈپتۇ ؟ —

! . يۈز ئوتتۇزدىن ئاشتىم دەيدۇ . ھەممىسى ھەيران بولغاندە چىرايىمغا قاراشتى —

ئاۋۇ يەرگە بىر قارساڭلارچۇ ! قەيسەرنىڭ گېپى بىلەن ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە —

قاراشتۇق ، ھەممىمىز چۆچۈپ ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق . قان ... يەردە قان ئۇيۇپ قالغان قان

. ئىزلىرى تۇراتتى . ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشتۇق

قارىغاندا بۇيەردە بىر قانلىق جەڭ بوپتۇ جۇمۇ ؟ —

بۇ ئاياق ئىزىغا قاراڭلار ؟ ماتىيەنئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇ يەردە قانغا مىلانغان—

ئاياق ئىزى تۇراتتى .— بۇ ئاياق ئىزى ئاۋۇ تاش ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ ، قاراڭلا ..!

. شۇنداق دەپ تاش تۆرۈكنىڭ كەينى تەرپىدە يوغان قوش قاناتلىك تاش ئىشىكنى كۆرسەتتى

بۇ قانلارنىڭ قېتىپ قالغىنىغا ئىككى كۈندىن ئېشىپتۇ. ئالىيە شۇنداق دىگەچ يەردىكى قانلارنى—

. قولى بىلەن تۇتۇپ بېقىپ — قارىغاندا ئۇلار يىراقتا بارالماپتۇ

شۇنداق يىراقتا بارالماپتۇ ، ئۇ تېخى ئىشىكنىڭ يېنىغىمۇ كىلەلمەپتۇ . شۇنداق دىگەچ ئاياق —

ئىزىنى كۆرسەتتىم . ئاياق ئىزى ئىشىك يېنىغا كىلىپ ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى ، — ئۇ بەش مىترمۇ

!ماڭالماپتۇ . ئەجىبا ئۇچۇپ كەتمىگەندۇ ؟

راست بۇ ئاياق ئىزى يوقاپ كەتتىغۇ . ئەجىبا بىرەسى يۆدەپ ماڭدىمۇ يا ؟ —

بەلكىم . بىرەسى يۆدەپ ........... چىرايىمغا چۈشكەن بىر تامچە سۇدىن گېپىمنىڭ ئايىقى—

! . ئۈزۈلۈپ قالدى ، قولۇم بىلەن يۈزىمنى سىلاپ قاراپ چۆچۈپ كەتتىم ، بۇ سۇ ئەمەسكەن قان

قۇلۇمدىكى قىپقىزىل قانغا قاراپ ئۈستىدە نىم بارلىقنى ئويلاشقىمۇ پىتنالمايۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز

ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈردىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى . پۈتۈن بەدىنىمنى سۈر بېسىشقا

. باشلىدى ، بۇ ئاۋاز دەل بىزنىڭ ئۈستى تەرپىمىزدىن كىلىۋاتاتتى . بۇ نىمىدىگەن سۈرلۈك ئاۋاز

ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۈستۈمگە قارىغىنىمنى بىلىمەن .... نىمىدىگەن

قورقۇنۇشلۇق . يوغانلىقى ئەدەمنىك بىلىدىن ئىككى چىققۇدەق يىلان تاش تۆرۈككە يامىشىپ تىللىرنى چىقرىپ بىزگە تىكىلىپ تۇراتتى . نىمانداق يوغان ! ئۇنىك تىلىمۇ يىتىم متىردىن ئاشامدۇ نىمە ؟! تورۇستا بولسا ئۆمچۈك تورىغا ئورۇلۇپ ئىسلىغان نۇرغۇن جەسەت تۇراتتى . قورقۇنۇشتىن پۇتلۇرۇم غال ـ غال تىترەپ كىتىۋاتاتتى . ھەممىمىز ئاستا تاش ئىشىككە قاراپ . سۈرۈلۈشكە باشلىدۇق . شۇ تاپتا پۇتۇمنى قانداق مىدىرلىتىپ كىتىۋاتقىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم تاك › قىلغان ئاۋاز بىلەن ھىلىقى يىلان كەينىگە بىر سىلكىنگەندىن كىيىن بىزگە قاراپ ئوقتەك › ئىتىلدى . ئەمما ئۇ مىنى چىشلىمەي ئۇدۇللا قەيسەرگە قاراپ ئىتىلدى . دەقىقە ئىچىدە بىشىمنى بۇراپ قەيسەرگە قارىدىم . ئۇنىك تاپانچىسىنىك ئۇچىدىن ئىس چىقىپ تۇراتتى ، بايامقى ئوقنى دەل شۇ چىقارغان ئىكەن ، ئەمما ئۇ ئىككىنچى پاي ئوقنى ئىتىشقا ئۈلگۈرمەيلا يىلان ئۇنىك كۆكرىكىدىن چىشلەپ يۇقىرا تارتىپ چىقىپ كەتتى ، ئۇنىك كۆكرىكىدىن قان بىلەن تەڭ ئالتۇن تەڭگىلەر چۇشۇشكە باشلىغان ئىدى . ئۇ قاچانلاردا ئىلىۋالغان بولغىدى بۇنى ھىچكىم سەزمەپتۇ دىسە . ھەممىمىز ئۇنىك ئۆتكەزگەن سەۋەنلىكىدىن ئاغرىنساقمۇ ئامال يوق . ھەممىسى كىچىككەن ئىدى . ئۇنىك جان تالىشىپ ۋارقىرغان ئاۋازى پۇتۇن ئوردىنى بىر ئالغان ئىدى . تۇيۇقسىز ئەتراپتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار بىلەن تەڭ تورۇستىن قاپقارا نەرسىلە چىقىشقا باشلىدى . ئەمدى . چاتاق بولدى . ئەمدى جاننى ئالقانغا ئىلىپ قاچماقتىن بۆلەك چارە يوق

. ئەلى ئۇ نىمە ؟ ئالىيە قورقۇنۇش ئىچىدە مەندىن سوراۋاتاتتى —

!!! جەسەت بۆرگىسى . ئەمدى قاچمىساق ئۆلىمىز . قىچىڭلا —

ئوردىنىك ھەممە يىرىدىن جەسەت بۆرگىسىنىڭقۇلاقنى يارغىدەك چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى . قەيسەر ئاللىقاچان يىلانغا يەم بولدى . قالغان بەشىمىز ئۆزىمىزنى تاش ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئاتتۇق . تاش ئىشىكنىك ئىچى قاپقاراڭغۇ كارىدور بولۇپ تۆت ئەتراپ تاشتىن قوپۇرۇلغان ئىكەن . ئارقامىدىن خۇددى ئەزرائىل قوغلاپ كىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى ، تاش كارىدورغا

ئىچكىرلەپ كىرگەنسىرى قاڭغۇلۇقتا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتۇق . كەشنىمىزدىكى تاش ئىشىك كىچىك بىر چىراقتەكلا كۆرۈنۈپ ئاستا ـ ئاستا يۇقاپ كېتىۋاتاتتى . كەينىمىزدىن جەسەت بۆرگىسىنىڭ ئاۋازى كارىدوردا ئەكىس سادا بولۇپ ئاڭلىنىۋاتىدۇ ، بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى .

— چىراق ! چىراقنى يېقىڭلار ! ۋارقىرىشىم بىلەن ئىككى قولچىرىقى كەينى ـ كەينىدىن ئالدى تەرەپنى يورۇتتى . ھەممەيلەن قورقۇپ كەتكىنىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئارانلا توختىتىۋالغان ئىدۇق . ئالدى تەرەپتە كارىدۇرنى جەسەت بۆرەسى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى

— قاپسىلىپ قالدۇق . قاپسىلىپ قالدۇق قانداق قىلىمىز ؟ ماتىيەن ھاسىرغىنچە چىراقنى ئالدىغا قارتىپ تۇراتتى . ھېچقانداق يول قالمىغان ئىدى ، ھەممىمىزنى ئۈمۈدسىزلىك ، ئۆلۈم پۇراقلىرى چىرمىۋالغان ئىدى .

— ئاتمىز ! بۇنداق ئۆلۈپ كەتسەك بولمايدۇ . شۇنداق دىگەچ ئۈستىدىكى جەسەتتى ئېلىۋالغان تاپانچىنى ئالىيەگە ئۇزاتتىم . ماڭا قارغاندا سىز ياخشى ئاتىسىز

ئالىيە تاپانچىنى ئېلىپ ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ،— بۇيەردە ئۆلسەك بولمايدۇ ! تەييار بولدىڭلارما ! ھەممىمىز چوڭقۇر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئىگزىمىزنى بېسىشقا تىرىشىۋاتاتتۇق . كەينىمىزدىكى جەسەت بۆرگىلىرى قوغلاپ ئون مېتىرچىلا قالغان ئىدى

بېر ! ئىككى! .....تات تات تات قىلغان ئاۋاز بىلەن ماتىيەن ئاپتۇماتتا ئالدى تەرەپنى ئوققا تۇتۇپ يول ئېچىپ يۈرۈپ كەتتى .،— ئاناڭنى تۇڭگان مەن تېخى ساناپ بولالمىدىم . جان ئاچچىقىمدا ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىردىم .

— سەن ساناپ بولغىچە كەينىڭدىكىلەر يېتىشىپ بولمامدۇ . ماتىيەن ئەتراپىدىكى جەسەت بۆرگىلىرنى ئاتقاچ ۋارقىراپ . ئالدى تەرەپ ئوق تەككەن جەسەت بۆرگىلىرى جان ئاچچىقىدا ئادەمنىڭ قۇلاق مىڭسىنى يارغۇدەك چىرقىرايتتى . نىمانداق يوغان جەسەت بۆرگىسى بۇ تۆيۈقسىز پاقالچىقىمدىن كىرگەن ئاغرىق مىڭەمگىلا چىقتى. قارسام مۆشۈكتەك چوڭلۇقتىدى جەسەت

بۆرگىسى چىشلەپ بىر پاچە گۆشمنى ئۆزىۋالايلا دەپ قالغان ئىدى ، مەنمۇ جان ئاچچىقىمدا خەنجەرنى ئۇنىڭ دۈبىسسىگە سانجىدىم . ئەمدى بىرىنى بىشىقتۇردۇم دەپ ئويلاپ بولغۇچا دۈمبەمنى بىگىز سانجىغاندە قاتتىق بىرنەسە سانجىدى . كەينىمگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم . يوغان بىر جەسەت بۆرگىسى دۈمبەمنى چىشلەپ كىرىشپلا قالغان ئىدى . قانداق قىلىش كېرەك . ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىمنى ھالسىزلاندۇرۇپ قۇيۋاتاتتى . قولۇمدا قۇرال يوق . ئاچچىقىمدا كەينىچلەپ مېڭىپ كارىدورنىڭ تېمىغا دۈمبەمنى قاتتىق ئۇردۇم . ھېلقى جەسەت بۆرگىسىنىڭ مىجىقى چىقىپ كۆپكۆك قېنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئاستا سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ئالدىمدا ماتىيەن ، ئارقى تەرەپتە ئالىيە ئاتقان ئوقنىڭ ئاۋازى ، يەنە مۇنۇ نەس باسقان قۇرۇتنىڭ . چىرىلدىغان ئاۋازى قوشۇلۇپ پۈتۈن كارىدۇرنى قولاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىۋاتاتتى يان تەرىپىمدە جارقىن بىلەن ۋاڭخەنمۇ ھەدەپ جەسەت بۆرگىلىرنى چاپقىلى تۇرۇپتۇ . ئۇلارغا قاراپ مەنمۇ قايتىدىن ئېلىشىشقا باشلىدىم . قانچىلىك چاپقىنىمنى بىلەلمەيمەن خېلى جىق . چاپقاندەك قىلسامۇ ھېچ ئازلاي دىمەيتتى ، ئەكسىچە جىقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى ئالدىمىزدە چىقىش ئېغىزى باركەن ! بۇ گەپنى ماتىيەن قىلىۋاتاتتى . ئەمدى ھايات — قېلىشىمغا ئىشەنچ تۇغۇلۇۋاتاتتى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قاردىم . ھەقىقەتەن يىگىرمە مېترچە . ئالدىمىزدا چىقىش ئېغىزى تۇراتتى

ئوقۇم تۈگىدى . كەينىمدىن ئالىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى ، ئۇنۇڭ قولىدىن تارتىمئەككى — يېنىمغا قارىمايلا چىقىش ئېغىزىغا قارىپ يۈگۈردۈم . — بولدى نىملا بولسا ئۆ يەردىن چىقىۋالايلى . تۇتىشۇەرمەڭلە

ئالدى تەرەپتىكى جەسەت بۆرگىلىرنى ماتىيەن خېلىلا يۇقىتىپ بولغان ئىدى . ھەممىمىز چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ئاتلاندۇق . ئارقى تەرەپتىنيۇپۇرلۇپ كېلىۋاتقان جەسەت بۆرگىلىرنى كۆرۈپ تېخمۇ تېز يۈگرەشكە باشلىدۇق .ئۇدۇل كەلگەنلىرنى تېپىپ ، ئاران دىگەندە چىقىش ئېغىزىغا چىقىشىمىزغا ! كەينى تەرىپىمدىن ۋاڭخەننىڭ ۋارقىرغانچە يۈگرەپ كەلدى .— يېتىۋېلىڭلار بومبىنى تاشلىۋەتتىم

بومبا ! بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمىز چەكچىيىپ كەتتى . نىملا بولسا بىزگە دەپ قويۇپ ئاتسا بولماملدۇ ؟! ئۆزەمنى يەرگە ئاتاي دەپ بولغىچە كەينى تەرىپىمدىن « گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئالدىمغا تۆت ـ بەش مىتىر ئۇچۇپ چۈشتۇم . قولاقلار زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى . ئەتراپنى توپا ـ چاڭ قاپلاپ كەتكەن ئىدى . ملك تەسلىكتە ئۈستىمدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى . ماتىيەن بىلەن قالغانلارمۇ ئۈستى بېشىنى قېقىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى . ھەممىمىز بايا چىققان چىقىش ئېغىزىغا قارىدۇق . ، چىقىش ئېغىزى پارتىلاشتا گۈمۈرلۈپ چۈشكەن ئىدى .

ھېي ! نىمىشقا بىزگە دەپ قويمايلا بومبىنى تاشلىدىڭ ؟ تاس قالدۇق ئۆلگىلى ! ئاچچىقىمدا ۋاڭخەنگە قاراپ ۋارقىردىم —

. شۇنى دەيمەن ، بىزگە دەپ قويساڭ بولماسمىدى لماتىيەنمۇ مېنى قوللىغاندەك سۆز قىستۇردى—

كەچۈرۈڭلە ! بايا قارسام كەينىمدە نۇرغۇن جەسەت بۇرگىسى تۇرۇۋېتكەن ، شۇ قورقۇپ — . كەتكىنىمدىن سىلەرگە دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن

ھە بۇمۇ بولغىنى . ئەمدى جەسەت ئۇلار ئىچىدە قاپسىلىپ قالدى . بۇندىن كىيىن بۇنداق — . ئىش بولمىسۇن . بىز ھازىر يەر ئاستىدا

بەلكىم ئۇلار قاپسىلىپ قالماسلى مۇمكىن . ماتىيەن شۇنداق دىگەچ ئۈستى تەرەپنى — كۆرستىپ . — قارا بۇ غارغا ئۈستىدە نۇرغۇن تۆشۈكلەر بار ئىكەن. بىز ھەممىمىز ئەتراپقا دىققىت . قىلىشقا باشلىدۇق

نىمانداق چوڭ غار بۇ ؟ ھەممىمىز ھەيرانلىقتا ئېغىزىمىزنى ئېچىپ قېلىشتۇق . — بۇ يەر كەم — دىگەندە ئىككى پۇتبول مەيدانچىلىك بار ئىكەن . ئالدىمىزدا پەسكە تۇتاشقان ئىنتايىن چوڭ تاش پەشتاق تۇراتتى . پەشتاقنىڭ ئۇزۇنلىقى يەتمىش—سەكسەن مىتىر كىلەتتى . پەشتاقنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا غايەت زور بىر ئوردا تۇرەتتى . ئوردىنىڭ تاملىرى پۇتۇنلەي تاشتىن قوپۇرۇلغاندەك . قىلاتتى

ئەلى بىز ھازىر يەر ئاستىغا قانچىلىك چۆشكەندىمىز ؟ ماتىيەن تورۇستىن كۆزىنى ئۈمەي —
. قاراۋاتاتتى

مەنمۇ تورۇسقا قارىدىم ، تورۇس‌بىلەن يەرنىك ئارلىقى كىمدەقىرىق مىتىر چىقاتتى .چوقچۇيۇپ
. تۇرغان تاشلا ھازىرلا بېشىمىزغا چۈشىدىغاندەك تۇراتتى

يەتمىش مىتىر . ئالىيە كومپاسقا قاراپ تۇرغان ئىدى .— بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق كومپاس يەر —
يۈزى بىلەن بولغان ئارلىقنى كۆرستىپ بېرىدۇ . ئەمما ھازىر يكنىلىشنى كۆرستىپ
. بېرەلمەيۋاتىدۇ . ئۇ شۇنداق دېگەچ كومپاسنى يىنىك سىلكىپ قويدى

نىمە ؟ يۆنىلىشنى كۆرستىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ ؟! ئۇنىك قولىدىكى كومپاسنى ئېلىپ قاردىم —
ھەقىقەتەن جەنۇپ شىمال يۆنىلىشى توختىماي چۆگىلەپ تۇراتتى . — ماتىيەن ! بۇنى كۆرۈپ
. باقە

ماتىيەن كومپاسنى ئېلىپ بىردەم سىنجىلاپ قارۋېتىپ.— بۇ يەردە ماگىنىت مەيدانى بۇلىشى
. مۇمكىن . كومپاس ماگنىت مەيدانىغا يولۇققاندا مۇشۇنداق يۆنىلىشنى كۆرستەلمەيدۇ

قارىغاندا ئەجداتلىرمىز ھەقىقەتەن ئەقىللىقكەن ، مۇشۇنداق يەر ئاستىغا شەھەر بەرپا قىپتۇ . —
. ھەتتا ھېچكىم تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە

ئەمسە بايامقى ئالتۇن قويۇلغان ئۆردىچۇ ؟ —

ئۇ چوقۇم پادىشاھنىك قەبرىسى ياكى ئالتۇن ئامبىرى . لېكىن ھازىرقى مەسىلە ئاۋۇ —
. مەخلۇقلاردا

يىلان ،چايان ، ئۆمچۈك يەنە مۇنۇ جەسەت بۆرگىسى ئەجىبا بۇلار بىربىرىنى يىيىشمەمدۇ ؟ —
. بەلكىم ! مېنىڭچە ئۇلار بۇ شەھەرنى قوغداۋاتىدۇ —

. بۇنىڭغا نىم ئاساسىڭىز بار ؟ ئالىيەنىك بۇ سوئالىغا ھېچقانداق ئاساسىم يوق ئىدى —

ئاساسىم يوق ، ئەمما ئۇلار نىمىشقا بۇ قۇملۇقتىلا يەنە كىلىپ مۇشۇ ئەتراپتىلا چۆگىلەپ —
يۈرىدۇ ؟ بىز ئالىمنى تاپىمىز دىمەي بۇيەردىن جىنىمىزنى ساق ئېلىپ چىقىنى . ھېلىمۇ ئۆچ

. ئادەمدىن ئايرىلدۇق . ھەممە قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى

. ئەمدى قانداق قىلىمىز يىتەكچى ؟ ماتىيەن مېنى مەسخىرە قىلغۇاتاتتى —

ئاۋال مۇنۇ شەھەرگە كىرىپ باقىنى ، يەنە قانداق ساھىپخانلار كۈتىۋاتىدۇ بىزنى ؟ شۇنداق —

. دىگەچ پەشتاقتىن چۈشۈشكە باشلىدىم

ئەلى ! ماتىيەننىڭ مېنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ كەينىمگە قارىدىم . — مەن ساڭا —

دىگەنتىمغۇ ئۇلار قاپسىلىپ قالمىدى دەپ ! تورۇستىكى تۆشۈكتىن جەسەت بۆرگىلىرى ئايىقى

... . ئۈزۈلمەي چىقىۋاتاتتى

ياخشى ، ياخشى قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىز بىلەن خوشلاشقۇسى كەلمىگەندەك —

!!!. قىلىدۇ ؟! ............. نىمىگە قاراپ تۇرسىلە قېچىڭلار

باب ـ 9

قىلتاق

ياخشى ، ياخشى قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىز بىلەن خوشلاشقۇسى كەلمىگەندەك —

!!!!. قىلىدۇ ؟! ............. نىمىگە قاراپ تۇرسىلە قېچىڭلار

ھەممىمىز پەشتاقتىن ئاياق تەرىپىگە قاراپ يۈگرەشكە باشلىدۇق . جەسەت بۆرگىلىرى ئالىلقاچان

پەسكە چۈشۈپ بولغان ئىدى ،پۈتۈن شەھەرنى گۈلدىرلىگەن ئاۋاز قاپلاپ كەتكەن ئىدى ، ئۇلار بىزگە

يىتىشۋالايلا دەپ قالغان ئىدى . ئەنە ئالدىمىزدىكى ئوردىنىڭ ئىشىكى .... ئوتتۇز مىتىر .....

يىگىرمە مىتىر .....ئون مىترلا قالدى ، ئەنە ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرۋالدۇق ،ئارقىمى جەسەت

. بۆرگىلىرى يىتىشۋېلىشقا ئون مىترچە قالغان ئىدى

. ئەمسى قاياققا ؟ ماتىيەن كەينىدىكى قەسەت بۆرگىلىرىگە ئوق چىقارغا ماڭا ۋارقىراۋاتاتتى —

ئوردىنى يەنە بىر تەرىپىگە بىرىپ باقىنى ! ھەممىمىز ئوردىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ —

يۈگرەشكە باشلىدۇق . ئوردىن ئىككى تەرپىدە قاتار كەتكەن تاش تۆۋرۈكلەر ئوردىنىڭ تورىسىغا تاقاشقان ، بۇ ئوردا شۇنداق ھەيۋەت بولۇپ ھەرقاندا پادىشاھ ئوردىلىرىدىن قېلىشمايتتى . ئالدىمىزغا ئون مىترچە يۈگەرمەستىنلا كەينى تەرپىمىزدىن ‹ گۇم › قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندىدە پۈتۈن ئوردىنى ئىچى قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كەتتى . بىز ھېچنىمىنى كۆرەلمەي ھەيرانلىقتا ئورنىمىزدا تۇرۇپلا قالدۇق . ھەممىمىز قولىمىزغا قورال ئېلىپ ھوشيار تۇرۇشقا . باشلىدۇق

چىراق ! چىراقنى ياندۇرۇڭلار ! ئاۋازىمنى شۇنداق بوش چىقىرىشقا تىرىشۋاتاتتىم . ئىككى — قول چىراق سۇس يېنىشقا باشلىدى ، — ئاناڭنى نەس باسسا شۇنداقمۇ باسامدۇ . كەينىگە قاراپ باقايلى ئىشىك ئېتىلىپ قالغان ئوخشايدۇ . ھەممىمىز كەينى قاراشتۇق . دەرۋەقەئوردىنىڭ كىرىش . . ئېغىزى يوغان تاش ئىشىك بىلەن توسۇلۇپ قالغان ئىدى

ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ ئالىيە قولچىراقنى چىرايىمغا قارىتىپ سۆزلەۋاتاتتى . — قاپسىلىپ — . قالدۇق

. ئالدى تەرەپكە مېڭىپ باقايلى . ئامال بار شەپە چىقارماڭلار . بىربىرىڭلارغا يېقىن مېڭىڭلار— ھەممىمىز ئوردىنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىشتۇق . قولچىراقنىڭ توكى قالمىغاچقىمۇ بىر نەچچە مىتىر ئارلىقنىلا يورۇتۇپ تۇراتتى ، قەقەملىرىمىزنىمۇ شۇنداق ئېھتىيان بىلەن ئېلىۋاتاتتۇق . ئالدىمىزغا . ئون يىگىرمە مىتىر ماڭلاڭلا قولچىراقمۇ ئۆچۈپلا قالدى

قالغان ئىككىسى قېنى ؟ —

. قەيسەردە بىرى بارتى —

. مەندىمۇ بارتى ، چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن . سول تەرپىمدىن ماتىيەنىنىڭ ئاۋازا ئاڭلاندى —

. ياخشى ! بۇ ئىش قولۇڭدىن كىلدۇ . چاقماتنى يېقىپ ماڭايلى —

ھە چاقماق مەندە راست ! ماتىيەن شۇنداق دىگەچ چاقماقنى ياندۇردى . ھېچ بولمىغاندا بىر — ـ ئىككى مېتىر دائىرنى كۆرۈپ ماڭالىدۇق . قانچىلىك ماڭغىنىمىزنى بىلمەيمىز ، تۇيۇقسىز

ئالدىمىزدىن بىرنەسە ئۈچۈپ ئۆتۈپ كەتتى ، ھەممىمىز كۆزلىرىمىزنى چەكچەكىيتىپ ئالدى تەرەپكە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتۇق . ھەممىمىز جىددىيلەشكەندىن چىلىق چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدۇق .

. ئەلى ! بۇ يەردە ئالۋاستى يوقتۇ ھە ؟!ئالىيەنىڭ ئاۋازىمۇ قورقۇنۇشتىن تىترەپ چىقىۋاتاتتى—

مەنمۇ بىلمە.....گىپىمنىڭ ئايىقى چىقمايلا ئالدى تەرەپتىن كۈچلۈك شامال يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇپ– ئۆتۈپ كەتتى . چاقماقمۇ چۈچۈپ قالغان ئىدى ، مەن ئۆمۈرۈمدە جىن ئالۋاستى بار دىسە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى ئەمما بۈگۈن بولۇپمۇ ھازىر ئىشەنمەيمۇ ئىلاجىم يوقتەك قىلاتتى . ماتىيەن ھەدەپ چاقماقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋارە . تۈيۈقسىز كەينى تەرپىمدىن بىرسىنىڭ نەپەس ئالغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . پۈتۈن تىنىم شۈركىنىپ كەتتى . ئارىمىزدىكى بىرەسى بولغىدى . دەپ نەچچە رەت تىلەپ كەتتىم

. بۇ چاقماققا نىم بولدى . ماتىيەننىڭ ئاۋازى سولتەرپىمدىن چىقىۋاتاتتى —

مەن سىناپ باقايمۇ يا ؟! ئالىيەنىڭ ئاۋازى يېنىمدىنلا چىقىۋاتاتتى . ئەجىبا مۇنۇ ئىككى —

. ساراڭ مەن بىلەن ئوينىشىۋاتامدۇيا . توغرا چوقۇم شۇلار

. جارقىن ! ۋاڭخەن ! ئاستا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقاردىم ئىلاھىم كەينىمدىن ھە دىگىدى —

. ! ھە —

نىم بولدى ؟ —

ئۇلارنىڭ ئاۋازى مىنىڭ ئارقامدىن ئەمەس يېنىمدىن چىقىۋاتاتتى . ئەمىسە بۇ كەينىمدە نەپەس ئېلىۋاتقان كىم بولغىدى ئەجىبا بۇلار ئاڭلىمايۋاتقانمىدۇ ؟ ئۇنىڭ نەپەس ئالغان ئاۋازى ئاستا ئاستا يېقىنلاپ كىلىۋاتاتتى . قورقۇنۇشتىن پۈتۈن بەدىنىمدە جان يوق ئىدى ، خەنجەر تۇتقان قوللىرىم ماڭا بويسۇنماي تىترەۋاتاتتى . خيالى تۈيغۇم ئەمەستۇ ھە ؟! ھېلىمۇ ئادەم كۆرۈشكە تىگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم دىسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ . بىز قېچىۋاتقىلى بىر كۈندىن ئاشتى ، چارچاپ قالدىممۇ يا ؟! ئەمما بۇ ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان

تۇرسا . تۇيۇقسىز ھىلقى ئاۋاز قۇلاق تۇۋىمدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى . كەينىمگە بۇرۇلۇپ خەنجەرنى ئۇراي دىسەممۇ پۇت قۇلۇم ماڭا بويسۇنمايۋاتاتتى . ئۇنىڭ نەپەس ئالغاندىكى تىنىقىمۇ يۈزۈمگە شۇنداق سوغاق تەگىۋاتاتتى . ھىچقانداق يېرىمنى مىدىرلىتىشقا مادارىم قالمىغان ئىدى . ۋاقىراش ئۈچۈن ئېغىزىمنى ئاچساممۇ ئاۋازىم چىقمايۋاتاتتى . پۈتۈن ئەس يادىمنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىۋالغان ئىدى . ئەجىبا يىنىمدىكىلەر ھىچنىمنى سەزمىگەنمىدۇ ؟!

— ئۆلسەن ! قۇلاق تۈۋۈمدە ئۇنىڭ شۇنداق بوش ئاڭلانغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى ھاياتلىقتىن ئۈمۈدىمنى ئۈزۈۋەتكەن ئىدىم . كەينىمگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي قالغان ئىدىم .

گۈپ قىلغان ئاۋاز بىلەن ئوردىنى ئالدى تەرەپتىكى بىر مەشئەل ئۆزلىكىدىنلا يېنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كەينىمدىكى نەرسىمۇ سوق شامال چىقىرىپ ئۈستىگە كۆتۈلۈپ كەتكىنىنى ھىس قىلغان ئىدىم . ئوردىنىڭ تۆت ئەتراپىدا مەشئەللەر ئۆزلىكىدىنلا يېنىپ ئوردىنىڭ ئىچىنى يۇپيورۇق قىلىۋەتكەن ئىدى . ھەممىسى ھەيرانلىقتا كىم قىلغىنىنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا بىر بىرىگە قاراپلا قېلىشقان ئىدى ، ئەمما مەن بولسام باياىقى قورقۇنۇشتىن تېخىچە قۇتۇلالمايۋاتاتتىم . سەپسىممۇ شۇنداق تەسلىشىپ ، ئىككى چىكەمدىن تەرلەر قۇيۇلۇۋاتاتتى .

— ئەلى ! نىم بولدۇڭ ؟ ھوي ئەلى ! ماتىيەننىڭ مىنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاۋاتقان بولساممۇ بېشىمنى مىدىرلىتىشقىمۇ ھالىم قالمىغان ئىدى . پۈتۈممۇ ئۆزەمنى كۆتۈرۈپ تۇرغىدەك ھالى قالمىغان ئىدى . ئاخىرى ئۆزەممۇ بىلمىگەن ئورنۇمغۇلا يىقىلىپ چۈشتۈپ .

— ئەلى ! نىم بولدۇڭ ؟ ماتىيەن شۇنداق دىگەنچە يۈگرەپ كىلىپ مىنى يۆلىۋالدى . بېشىم قېيىپ كۆزۈم ئۆزەمگە بويسۇنماي يۇمۇلۇپ كىتىۋاتقىنىنىلا بىلىپ تۇراتتىم . ماتىيەن بىلەن قالغانلارمۇ بېشىمغا كىلىپ ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ تۇرغىنىلا غۇۋا كۆرۈپ تۇراتتىم ئەمما ئۇلارنىڭگەپى ھىچ قۇلىقىمغا كىرمەيۋاتاتتى ....

— ئەلى ! ئەلى ! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ! ئالىيەنىڭ ئاۋازى سۇس ئاڭلىنىۋاتاتتى . كۆزۈمنى مىڭ تەسلىكتە يىرتىپ ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدىم .

مەن نىم بولدۇم ؟ —

. ھۇشىمىزدىن كەتتىمىز . ئىككى سائەتتىن ئاشتى سىزنى ھۇشىڭىزغا كەلتۈرەلمەي چاقىرۋاتقىلى—

ئاداش قانداق تۇرسەن ، ئەجەپ ئەنسىرەتتىڭغۇ ئادەمنى ! ماتىيەن شۇنداق دىگەچ يېنىمغا —

. يۈگرەپ كەلدى

مەنمۇ نىم بولغىنىمنى بىلمەيمەن ، ھېلىقى نەرسە مىنىڭ كەينىمگە پۈتۈن بەدىنىمدە كۆچەپ—

. نەرسە قالمىدى ، ئۆزەمنى ئۆلدۇم دەپلا ئويلىغان

!ھىلىقى نەرسە ؟ بىز ھەجەپ تۈيمىدىققۇ . بىزنى چاقاساڭ بولماسمىدى ؟ —

مىدىرلىيالمىدىم . بەدىنىم ماڭا بويسۇنمىدى . ئۇ تىخى قۇلۇمقىمغا ئۆلسەن دەپ —

. پىچىرلىدى . گىپىمنى ئاڭلاپ ھەممىسى قورقۇنۇش ئىچىدە بىر بىرىگە قاراپ قويىدى

مىنى يۆلەپ قويۇڭلا ! ئۇلار مىنى يۆلەپ تاش تۆرۈككە يۆلەپ قويىشى بىلەن دۈمبەم شۇنداق —

. قاتتىق ئاغرىپ كەتتى . ئاغرىقتا چىدىماي يەردە تولغۇلنۇپ كەتتىم

. نىم بولدۇڭ ئەلى . يارلاندىڭمۇيا؟ ماتيەن مىنى يۆلەپ قويغاچ مەندىن سورىدى —

. توغرا ! جەسەت بۇرگىسى چىشلىۋالغاندەك قىلغان —

سومكا بىلەن چاپاننى سېلىپ كۆرۈپ باقىنى ياللۇغلىنىپ قالمىسۇن يەنە ؟ —

چاپىنىمنى سېلىش شۇنداق تەسكە تۇختىدى ، ئەمدى سالاي دىگۈچە دۈمبەم خۇددى پىچاق بىلەن

( . قوچۇپ تۇرغاندەك ئاغرىپ ھىچ ھالىمنى قويماي‌ۋاتاتتى

بۇنداق ئاغرىپ تۇرۋاتسا !. چىداپلاۋېتەي . قايتقاندا ئاندىن بىرگەپ بولسۇن . ئاغرىق —

. ئازابىدىن شۇنداق دىيىشكىمۇ مەجبۇر ئىدىم

ئۇنداق بولسا بىز پىچاق بىلەن كىيىمڭنى يىرتىپ سالدۇرنى قانداق ، بۇنداق تۇرۇۋەسەڭ —

. بولمايدۇ . ماتيەن شۇنداق دىگەچ قولىغا پىچاقنى ئالدىدە چاپىنىمنى ئاستا يىرتىشقا باشلىدى

ھە . ئەسلى جەسەت بۇرگىسنى ئىككى تال چىشى تۇرۇپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ . ئالىيەنىڭ —

بۇگىپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى . ئۆزەمنى ھېلىقى كارىدۇردا دۈمبەمدىكى جەسەت

بۆرگىسنى تامغا كەينچىلەپ ئۆرغىنىم ئىسمىگە كەلدى . كىيىن جاننى ئەپ قاچمەن دەپ

: . يارلانغانلىرىم ئىسمىدىن چىقىپلا كىتىپتۇ ئەمەسمۇ

ئەمسى مۇنۇ پىچاقنى چىشلەپ تۇرۇڭ ، جەسەت بۆرگىسىنىڭ چىشى چوڭقۇر كىرىپ كىتىپتۇ ، —

. تارتقاندا چوقۇم ئاغرىدۇ

! نىمە ؟ قانچىلىك چوڭقۇر كىرىپتۇ ؟ —

. ئەنسىرەپ كەتمەڭ . ئىككى ـ ئۈچ سانتىلا كىرىپتۇ —

ئىككى ـ ئۈچ سانتىلا دەڭ تېخى ؟!ئۆزىڭىزنىڭگە كىرمىگەنكى ئانچە چوڭقۇر بىلىنمەيۋاتقاندۇ —

ھە ؟

بولدى . نىملا بولمىسۇن ئىلىۋەتمىسەڭ بولمايدۇ . بۇنى چىشلەڭ ئۇ شۇنداق دەپ پىچاقنىڭ —

سىپىنى چىشلىتىپ قويدى . — ھە ئەمدى يۇلۇۋېتىمەن قورقۇپ كەتمەڭ ئۇنچە ئاغرىمايدۇ . مانا

! ساناشنى باشلايمەن ھە

ئۈچنى سانىغاندا تارتىدۇ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئىلىشىمغا كۆچەپلا بىر تارتماسمۇ .....

دۈمبەمدىن ئىككى تال ئۇستىخىننىمنى تارتىپ چىققاندەك بىرخىل ھىسسىياتقا كەلتۈرۈپ

; . قويدى . ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگىرەلمەي يەرنى تىرەپ ئولتۇرۇپلا قالدىم

ھە بولدى چىقىرۋالدىم . ھېچ ئىش بولمىدى مانا ، ھىلىمۇ ياخشى ئۇمۇرتقىڭىزغا سانجىلىپ —

.... قالماپتۇ ، بولمىسا

قېنى سىز سانايمەن دەۋاتقانغۇ؟! ھىلىمۇ ياخشى دەڭ تېخى . ئىككى ئۈچ سانتا كىرگىنى —

...... يەتمەمدا ؟! ئاياللار تۆلكە دىگەننى ئاڭلىغان ، بۈگۈن ئىشەندىم

ئىشىنەمسىز ياكى ئىشەنمەمسىز بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى . مەن پەقەت سىزگە ياردەم قىلدىم —

خالاس . ئۇ شۇنداق دىگەچ يىرتىلىپ كەتكەن چاپىنىمنىڭ رەخلىرىنى چىقىرىپ يارامنى تېڭىشقا

. باشلىدى

. ئەلى ! بۇنى كىيۋال . كەينىمدە جارقىن چاپىننى سىلىپ ماڭا تەڭلەپ تۇرۋاتاتتى —

رەخمەت ! ساڭمۇ بىر چاپان قەرز بوپ تۇراي . شۇنداق دىگەچ چاپاننى ئالدىمدە ئۇچامغا —

كىيۋالدىم . — ئەمدى ماڭايلىمۇ ؟

. يول يوق . ماتىيەن ئۇمۇدسىزلىك بىلەن چىرايىمغا قاراپ تۇراتتى —

. يول يوق ؟ ئالدىمىزدا چىقىش ئىغىزى يوقمىكەن . ئوردىنىڭ يەنە بىر تەرپىنى كۆرسەتتىم —

يوقكەن .ھەممە يەر ئىتىككەن . ئارقىمىزنى تاش ئىشىك توروۋالدى . سىرتتا نۇرغۇنجەسەت —

.... بۆرگىسى بار . يەنە تېخى سەن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى دەيسەن

!راست بۇ مەشئەللەر قانداق قىلىپ ئۆزلىكىدىن يېنىپ قالىدۇ ؟ —

قارىغاندا بىز جىن — ئالۋاستىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشكان ئوخشايمىز جۇمۇ —

؟!..............................

قانداق دەيسەن ؟ —

.; كۆڭلۈم تۈيۈپلا تۇردۇ ! ماتىيەن كىزۈمگە قورقۇنۇش ئىچدە قاراپ تۇراتتى —

بەلكىم چۈشكەندىمىز شۇنداقتىمۇ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتساق بولماس . ئەتراپنى كۆزىتۈپ باقىنى—

چوقۇم چىقىش ئىغىزى بار . ھەربىر گۇمانلىق نۇقتىغا دىققەت قىلىڭلار . ھەممىمىز ئەتراپنى

كۆزۈتۈشكە باشلىدۇق ، بۇ ئوردا شۇنچە چوڭ شۇنچە ھەيۋەت بولسىمۇبىز كىرگەن ئىغىزدىن بۆلەك

ھىچقانداق چىقىش ئىغىز يوق دىسە ؟! ئاۋۇ لالملا كىرەلمىگەن تەغدىرىدىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان

. گەپ

بۇ يەردە قان دىغى باركەن . ۋاڭخەن ئۈدۈلىمىزدىكى تامنىڭ يىنىدا تۇراتتى . ھەممىمىز —

. ئۇنىڭ يىنىغا قاراپ ماڭدۇق . ھەققەتەن تامدا قولنىڭ ئىزى تۇراتتى

ئۇلار بۇ يەرگە كەپتۇ . ئەمما قانداق چىقىپ كەتكەندۇ .؟ ئالىيە قان دىغىنى سىلاپ باققاچ —

. يەنە سۆزلىدى — ئۇلار بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى كۈن بوپتۇ

ئۇلار مۇشۇ يەردىن چىقىپ كىتپتۇ . قاراڭلار بۇ قان دىغىنىڭ بىر قىسمى تامنىڭ ئىچىگە —

كىرىپ كېتىپتۇ . بۇ يەردە مەخپى ئىشىك بار ئوخشايدۇ . ماتىيەن شۇنداق دىگەچ تامنى مۇشتلاپ

. باقتى ، — تامنىڭ ئىچى كاۋاككەن . ئىتتىرىپ باقايلى كېلىڭلار

. ھەممەيلەن تامنى ئىككى قوللاپ ئىشتىرىشكە باشلىدۇق

بىر .... ئىككى ... ئۈچ يەنە بىر ... ئىككى ....ئۈچ تام ئازراق مىدىرغاندەك بولدى . —

بۇنى كۆرۈپ ھەممىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .— يەنە بىرنى ھە بىر ... ئىككى ... ئۈچ

. تاق قىلغان ئاۋاز بىلەن تام يىگىرمە ئوتتۇز سانتا ئىچىگە كىرىپ توختاپ قالدى

نىمىشقا ئېچىلمايدۇ ؟! ئېغىزىمىدىن شۇ گەپنىڭ چىققىنىنى بىلمەن پۈتۈم قاچانلاردا —

ھاۋادەلەيلەپ قالدىكىن ؟ بىز دەسسەپ تۇرغان يەر تۇيۇقسىز ئاستىغا ئېچىلىپ موللاق ئاتقىنچە

پەسكە چۈشۈپ كەتتى . دەققە ئىچىدە كۆزۈم پەستىكى يەرگە سانجىلىپ قويۇلغان ئۇچلۇق

قوزۇقلارغا چۈشتى . بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن .

ئەمما ئەمدى كېچىككەن ئىدىم . ئەمدى ئۆلدۈم ، بېشىمنىڭ ئۇدۇلىسىدىلا چوقچۇيۇپ

. تۇرغان قوزۇق كۆزۈمگە كىرەي دەپ قالغاندا تۇيۇقسىز ئۆزەمنى ئېسىلىپ قالغانلىقىنى سەزدىم

ياردىكى قوزۇق بىلەن بىلەن كۆزۈمنىڭ ئارلىقى پەقەتبەش سانتىلا قالغان ئىدى ، پىشانەمدىن—

. ئاققان تەر قوزۇققا تېمىپ تۇراتتى . بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۈستىگە قاراتتىم

ئالىيە پۈتۈمدىن تۇتىۋالغان ئالىيەنىڭ پۇتىنى ماتىيەن تۇتىۋالغان ئىكەن . خۇداغا مىڭ شۈكرى

. ھېلىمۇ ماتىيەن مىنىڭدىن چاققان كەپتۇ

ئەلى ! تېز چىقىڭ . كۈچۈم قالمىدى .ئالىيەنىڭ قولى بارغانسىرى بوشاپ كىتىۋاتقان ئىدى .—

. بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ ئۈستىگە يامىشىپ ئالىيەنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم

!! ئالىيە . چىداپ تۇراڭ مۈرىڭىزگە دەسسەپ چىقىۋالاي ھە —

! بېشىمغا دەسسىمىسىڭىزلا بولدى . تېز —

. ئالىيەنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم

جارقىن . ۋاڭخەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئارىمىزدا جارقىن كۆرۈنمەيتتى . ھەممىمىز پەسكە —

قارىدۇق . قاراپ ھەممىمىزنىڭ بېشى ساڭگىلاپلا كەتكەن ئىدى . ئۇ ئۆلگىرەلمەي قالغان ئىدى . ئىككى قوزۇق ئۇنىڭ مەيدىسىدىن تېشىپ چىققان ئىدى . ھەممىمىز ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمىز يىنىكلىك قىلىپ باسقان قەدىمىمىزگە پۇشايمان قىلىۋاتاتتۇق . ئەمما ئۇنىڭ ئۇچۈن ياش تۆكۈپ تۇراشقا تېخى بولمايتتى .

مەن ئۇنىڭغا بىر چاپان قەرىز . ئۇچامدىكى چاپاننى سېلىپ ئۇنىڭ باش قىسمىغا ئۇدۇللاپ — . تاشلىدىم .— ئۇنىڭ كۆزى ئۇچۇق كەتمىسۇن

. ھېچنىمە كەيمەمسەن . بۇ يەر سوغاقكەن ئاغرىپ قالسەن . ماتىيەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى —

. مېنىڭ باشقىلارغا قەرىز بولغۇم يوق —

قاراڭلار بۇ قىلتاقتا چۈشكەنلەر بىزلا ئەمەسكەنمىز ! پەستە جارقىنىنىڭ جەستىدىن باشقا يەنە — تۆت جەسەت تۇراتتى . ئۇلار ئۇچىسىغا ئوخشاش ھەربى فورما كىيىۋالغان ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسدا . تېخى بىر چەت ئەللىكمۇ تۇراتتى

بۇ يەردە چەت ئەللىكلەر نىمىش قىلىدۇ ؟ —

. بىلمەيمەن . مىنىڭچە ئۇلارنىڭمۇ بۇ يەرگە كەلمىكى ئاسانغا چۈشمىگەندەك قىلىدۇ —

ئەلى ! بۇ ئىشىك قاچانلاردا ئىچىلىپ قالدى ؟ ئالىيەنىڭ بۇگىپىدىن ھەممىمىز ھەيران بولۇپ— . ئىشىككە قارىدۇق . ئىشىك ئۇستى تەرەپتىن ئازراق ساڭگىلاپ تۇراتتى

بىلمەيمەن بەلكىم بايا مۇنۇ قىلتاقتا چۈشكەندە ئېچىلغان بولسا كېرەك . ئەمدى ماڭايلى . — بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ . تامدىكى مەشئەلدىن بىردىن ئېلىۋالايلى . چىراقنىڭ توكى قالمىدى

تۆتەيلەن مەشئەلدىن بىردىن كۆتۈرۈپ مەخپى ئىشىكنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق . ئۇنىڭ . ئىچى تار بىر ئۆڭكۈر بولۇپتۇتلا تەرەپ تاشتىن قۇپۇرۇلۇان بولۇپ ئىنتايىن سىپتا ياسالغان ئىدى . بۇنىۋۇڭ ئۇزۇنلىقى قانچىلىكتۇ ؟ تېزراق مېڭىپ چىقىپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ —

بولمايدۇ ئاداش . بىز ئالدىمىزدا يەنە نىم قىلتاق بارلىقىنى بىلمەيمىز . شۇڭا ئېھتىيات بىلەن —

ماگمىساق بولمايدۇ . تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممىز چۆچۈپ كەينىگە قارىدۇق ئىشىك ئىتىلىپ قالغان ئىدى . — قارىغاندا بۇ توزاقتا دەسسىمەيمىز دىسەكمۇ ئىلاجىمىز يوقكەن . ھەممىسى مىنىڭ چىرايىمغا قاراپ قويدى .

ئالاھەزەل ئەللىك مىترچە ماڭغاندىن كىيىن ئۆڭكۈر ئىككىگە تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكىنىنى كۆردۇق .

ئەمدى قانداق قىلمىز .؟ بۆلۈنۈپ ماڭىمىزمۇ ؟ —

ياق . ئايرىلغاننى ئىپىق يەر دىگەن گەپ بار . ئىككى يولدىن بىرى قىلتاق بۇلۇشى مۇمكىن ،بۆلۈنسەك بىرىمىزگە بولمىسا بىرىمىزگە زىيان يىتىپ قىلىشى مۇمكىن —

دىگىنىڭ ئورۇنلۇق . ئەمسە تەڭ ماڭايلى . ماتىيەن شۇنداق دىگىنچە چاقماقنى ئىلىپ ياندۇردى چاقماقنىڭ ئوتى ئوڭ تەرەپتىكى يولغائۆڭكۈرگە قاراپ يالقۇنجاۋاتاتتى . — ئوڭ تەرەپكە مىڭىپ باقامدۇق ؟! ئۇ يەردە چىقىش ئىغىزى باردەك قىلىدۇ .

قاراڭلار . پەستە قان دىغى تۇردۇ . ئالىيەنىڭ گىپى بىلەن مەشئەلنى پەسكە قاراتتۇق. پەستە — قان تامچىلىرى تۇراتتى . ئەمما بۇ قان تامچىلىرى سول تەرەپتىكى ئۆڭكۈرگە قەراپ سوزۇلغان ئىدى .

ئۇلار سول تەرەپكە مىڭىپتۇ . قانداق قىلساق بولۇر —

ئەگىشىپ مىڭىپ باقىنى ! ئالىيە كەسكىن قىلىپ سۆزلىدى . ھەممەيلەن — سولتەرەپتىكى ئۆڭكىرگە قاراپ ماڭدۇق . تۇيۇقسىز كەينىمدىن شەپە ئاڭلانغاندەك بولۇپ مەشئەلنى كەينىگە قاراتتىم . ئەمما ھىچكىم يوق يۈرۈكۈم ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى .

بىر نەسە بارمىكەن ؟ ماتىيەنمۇ گۇلخاننى كەينىگە قارتتى —

بىر شەپىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم —

يولىمىزغا ماڭايلى . كەينىدىكى شەپىگە دىققەت قىلىپ ماڭىنى . يەنە ئالدىمىزغا قاراپ — مىڭىشقا باشلىدۇق . مىڭىپ مىڭىپ بۇ يولنىڭ ئايىقى چىقاي دىمەيتتى . ئۆزەمنى خۇددى گۆرگە

كىتىپ بارغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم . ئويلاپ باقسام ھېلىھەم خەقنىڭ گۆرىدە ئىكەنلىكىمىز يادىمغا كەلمەپتۇ . تۇيۇقسىز ماتىيەننىڭ قولىنى كۆتۈرشى بىلەن ھەممەيلەن جايىمىزدا توختاپ قالدۇق . ئۇ ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى .

ئاۋۇ نىمىنىڭ كۆزى ئەلى ! ئۇنىڭ ئاۋازى قورقۇشتىن تىترەپ چىقىۋاتاتتى ، ئالدى تەرەپ — قاراپ ئىشتىنىمغا چىقىرۋېتەي دەپ قالغان ئىدىم . ھەممىمىز بىرقەدەم بىر قەدەمدىن كەينىمىزگە يېنىشقا باشلىدۇق .

; . ئون مىترچە چىنىنىڭ چوڭلىقىدا ئىككى كۆز گۆخاننىڭ يۇرىقىدابىر يېنىپ بىر ئۆچۈپ تۇراتتى ئەلى . نىمىنىڭ كۆزى بۇنداق يوغان بولدۇ . ئاليقۇلۇمنى چىك تۇتىۋالغان ئىدى . ئۇنىڭ— تىترەپ تۇرغان ئاۋازىدىن يىغلاۋاتقىنىنى ئۇققىلى بولاتتى . راست گەپ قىلسام مەنمۇ ئارانلا تۇراتتىم . بىزنىڭ ئارقىغا يېنىشىمىز بىلەن تەڭ ھېلىقى بىر جۈپ كۆزمۈگۈتۈرلۈپ ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا تاقىشايلا دەپ قالغان ئىدى . ھېچقانداق ھايۋاننىڭ بۇنچە يوغان كۆزى بارلىقىنى ياكى بۇيىنىڭ . بۇنچە ئىگىزلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن . ئۆڭكۈرنىڭ ئىگىزلىكىمۇ كىمدە ئىككى يېرىم مىتىر كىلىدۇ ئاداش ئۇ ئالۋاستىمۇ يا ؟ ماتىيەنگە قاراپ بوش ئاۋازدا سورۇدۇم . ماتىيەن گەپ قىلماي — بېشىنى لىڭشىتتى .

ئالدىمىدىكى بىرجۈپ كۆزدىن خورۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى . خۇددى يولۋاسنىڭ خورىلدىغان ئاۋازىغا ئوخشىشىپ كىتەتتى . ھەممىمىزنى سۈر بېسىشقا باشلىدى . ھېلىقى كۆز ئاستا سۈرلۈپ بىزگە يېقىنلاپ كىلىۋاتاتتى . ھېلىقى ئاۋازمۇ بارغانسىرى كۈچىيىۋاتاتتى . ئۇ بىزگە بەش ... ـ ئالتە مىتىر قالغاندا ئۇنىڭ چىرايى ئاستا ئاستا بىزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى

ئاللا كارامەت ! راستلا يولۋاسكەنغۇ . نەدە يۈرۈپ بۇنچە يوغراپ كەتكەن نىمە بۇ ؟—

بۇ شەھەردىكىلەر ھايۋانلارنى قانداق باقىدىغاندۇ ؟ قۇرت قوڭغۇزلىردىن تارتىپ ئادەم — ئىشەنگۈسى كەلمۇگىدەك يوغانكەن دىسە؟

ئۇ سەل باشقىچە تۇرامدۇ نىمە؟ قارا ئۇنىڭ تېرىلىرى چىرىپ كىتىپتۇ ...!ئۇنۇڭغا سىنچىلاپ —

قارىدىم ئۈنىڭ تېرىلىرى ھەقىقەتەن چىرىپ كەتكەن ئىدى . يۈرۈكۈم تېخىمۇ تېز سوقۇشقا باشلاپ
. كەتكەن ئىدى

بۇ يولۋاس بىر بولسا ئەپسۇنلانغان ، بىر بولسا مۇردىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئوقۇتۇك بارمۇ ئاداش —
؟

..... قالمىدى ! ماتىيەن ئۈمۈدسىزلىك بىلەن كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇراتتى —

. مەندە بومبىدىن بىرسى قالدى . ۋاگخەن بومبىنى قولىغا ئېلىپ كۆرسەتتى —

بومبا ئۈنىڭغا كار قىلامدۇ بىلمەيمەن ؟ سەن بومبىنىڭ پىلىكىنى تارتقىن ئۈچ سكونت —

. قالغاندا ئۈنىڭغا ئېتىپلا كەينىمىزگە قاچىنى . ئەگەر ئۇ يىتىشۋالسا ئۆلگىنىمىز شۇ

ھەممىمىزنىڭ چىكىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلماقتا ئىدى . ئۈنىڭ بەستىگە قارىغان ئادەممۇ قورقۇپ

' . جېنى چىقىپ كېتەتتى

تەيار بولدىڭلارمۇ؟ بومبىنىڭ پىلىكىنى تارتتىم ھە ! ھەممىمىز بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق . بىر —

ۋەچچە سكونتتىن كىيىن ۋاگخەن بومبىنى يولۋاسنىڭ ئالدىغا دۇگىلەتتىدە بىزگە قاراپ ۋارقىردى —

قاچامىسلەر ! ! ھەممىمىز ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ جىنىمىزنىڭ بارىچە قاچتۇق . ئالدىمىزغا ئون

مېترچە يۈگرىشىمىز بىلەن كەينىمىزدىن گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۆكىكۈرنىڭ ئۈستى گۈمۈرلۈپ

. چۈشۈشكە باشلىدى . ئاران دىگەندە ھېلىقى ئاچىغا يىتىۋالدۇق

. ئۇ يولۋاس قاپسىلىپ قالدى ئەمدى قوغلاپ يىتەلمەيدۇ —

سىنىڭ دىگىنى توغرىكەن ئۇڭغا ماڭماقتىن باشقا يول قالمىدى . تۇيۇقسىز كەينىمىزدىكى —

گۈمۈرلۈپ چۈشكەن جايدىكى تاشلار مىدىراشقا باشلىدىيىز نىم بولغىنىنى بىلمەي ئۇ يەرگە تىكىلىپ

تۇراتتۇق . قاتتىق ھۆركىرگەن ئاۋاز بىلەن ھېلىقى يولۋاس تاشنىڭ ئارسىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىدى

. ، ئۈنىڭ ئاۋازى پۈتۈن ئۆكىكۈرنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈەتكەن ئىدى

بۇ نەرسىنى توسقىلى بولمىغۇدەك قىچىڭلار . ! ھەممىمىز ئوڭ تەرەپتىكى ئېغىزغا ئىگىزىمىزنى —

ئاتتۇق ھېلىقى يولۋاسمۇ كەينىمىزدىنلا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى . ئازراقلا بىخەستىلىك قىلساق
ئۇ بىزگە يېتىشىۋېلىشى ئېنىق ئىدى . بىر چاغدا ئالىيەنىڭ قۇلى قولۇمدىن ئاجراپ
كەتتىدە ۋارقىرىغانچە يەرگە گۈپپىدە يىقىلدە ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنۇڭ قۇلۇنى تۇتتۇمدە كۈچەپ
تارتتىپ تۇرغازدىم ئاگغىچە ماتىيەن بىلەن ۋاگخەنمۇ كەينىگە يېنىپ كېلىپ ئۇنى تارتىپ يۆگرەشكە
باشلىدۇق . ھېلىقى يولۋاسنىڭ ئاۋازى كەينىمدىلا چىقىۋاتاتتى . بىر چاغدا يولۋاسنىڭ قولى
مىنىڭ سول تەرىپىمدىن كۆتۈرلىۋاتقىنىنى غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالدىم . ئۆزەمنى ئېپ قىچىشقا شۇنچە
تىرىشسامۇ ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى . سول مۈرەمدىن كىرگەن يولۋاسنىڭ تىرنىق كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچە ئوڭ بىقىنىمغىچە تىلىپ ئۆتتى . ئاغرىق دەستىدى ئېغىز ـ بۇرۇنۇمدىن‌قان ئوقتەك
ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى . كەينىمگە بۇرۇلۇشمغا ھېلىقى يولۋاس ئېغىزنى يوغان ئېچىپ ماگا ئېتىلغان
ئىدى . جان ئاچچىقىمدا قولۇمدىكى مەشئەلنى چۆگۈلتۈپ ئۇنىڭئىگىكىگە قاتتىق بىرنى ئۇردۇم ‹
قاس › قىلغان ئاۋاز بىلان قۇلۇمدىكى مەشئەلمۇ ئوتتۇردىن ئۇشتۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى .
يولۋاسنىڭ بېشى ئۆگكۈرنىڭ ئۈستىگە قاتتىق تەگكەن ئىدى . ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسا
كېرەك خىرىس بىلەن ماگا يېقىنلاشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ چىرايى ئەمدى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىغان
ئىدى . ئۇنىڭ باشقىسىمىنىڭ تېرىلىرىمۇ چىرىپ ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى ، ئالدىمدا
خۇددى گىگانىت پىلدەك ھەيۋەت تۇراتى . مەن ئاستا كەينىمگە چېكىنىشكە باشلىدىم ، ئۇمۇ مەن
بىلەن تەڭ ئالدىغا بىر قەدەم بىر قەدەم مېگىۋاتاتتى ، ئەمدى نەگە قاچسەن دىگەندەك چىشلىرىنى
چىقىرىپ تۇراتتى . ئۇ چامدا ھېچقانداق كىيىم بولمىغاچقا ئۇنىڭ تىرنىقى تېرەمنى خېلىلا چوڭقۇر
. تىلىپ ئۆتكەن ئىدى . ئەمدى ئۆلۈمگە تەييا تۇرمىسام بولمىغۇدەك
. تۇيۇقسىز يۈزۈمنى بىر تاش سۈرۈپ ئۆتتىدە يولۋاسنىڭ بېشىغىلا تەگدى
ئەلى قاچ ! كەينىمدىن ماتىيەننى ئاۋازىنى ئاگلاپ بۇرۇلۇپلا قېچىشقا باشلىدىم . يولۋاسمۇ —
كەينىمدىن ئىز بېسىپلا قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ يېتىشۋالايلا دەپ قالغان ئىدى . ئالدىمىزدا
چىقىش ئېغىزى غۇۋا كۆرۈنىۋاتاتتى . چىقىش ئېغىزنى كۆرۈپ پۇت قۇلۇمغا جان كىرىپ تېخىمۇ تېز

. يۈگرەشكە باشلىدىم . يولۋاسمۇ سۈرتىنى تېزلىتىپ ماڭا يېتىشۋالاي دەپ قالغان ئىدى

ئەنە چىقىش ئېغىزى ئون مېتىر ، بەش مېتىر چىقىش ئېغىزىدىن چىقىشىمغا كۆزۈمگە تىك قىيا

كۆرەندە . ئۆزەمنى توختىتاي دېسەممۇ سۈرئىتىم تېز بولغاچقا توختاتاشقا ئامالسىز قالدىم ، يۈرۈكۈم

ئېغىزىمغا كەپلىشىپ قالغان ئىدى . تۇيۇقسىز سول قۇلۇمدىن بىرسى تۇتىۋېلىپ كۈچەپ تارتتى ،

ئاران دىگەندە يارنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ تۇرۋالدىم . كەينىمدىكى يولۋاس مىنى تۇتىۋالمان دەپ

. ئۆزىنى ئاتقان بولسا كېرەك ئۆزىنى توختىتالماي تىك ياردىن ھۆركىرەگىنچە چۈشۈپ كەتتى

چىقىش ئېشىزىنىڭ ئوڭ تەرپىدە ماتىيەن بىلەن ۋاڭ خەرتىك يارغا چاپلىشىپ تۇرغان ئىدى‌مىنىڭ

يېنىمدا بولسا ئالىيە تۇراتتى مىنىڭ قۇلۇمدىن تارتىۋالغان ئالىيە ئىدى . بىز دەسسەپ تۇرغان يەر

ئارانلا يېرىم مېتىر كىلىدىغان بۇلۇپ ئاستى تەرەپ تېگىنى كۆرگىلى بولمىغىدەك چوڭقۇر ھاڭ

ئىدى . ئالىيەگە رەخمەت ئېيتاي دېسەممۇ ئېغىزىمنى مىدىراتقۇدەك ھالىم قالمىغان ئىدى . ئالىيە

ئېغىزىمدىن چىققان قاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ، ماتىيەنمۇ كىلىپ مىنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆڭكۈرنىڭ

. ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى

قانداق تۇرسەن ئەلى ؟ دۈمبەڭنى كۆرۈپ باقاي مۇنداق قىلە ماتىيەن شۇنداق دىگەچ مىنىڭ —

. كەينىمگە ئۆتتى . ئەمما ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ، يارامنىڭ ئېغىرلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى

. سەن قانداق بىلسەن ؟ ئاستا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭدىن سورۇدۇم —

بايا قېچىۋېتىپ قارسام كەينىمدە كۆرەنمىدىڭ. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سىزىپ كەينىمگە يانغان—

. ئىدىم ، شۇ چاغدا كۆرۈپ قالغان

. راست گەپ قىلسام سىنىڭ كىلىشىڭنى ئويلىمىغان —

سىنى قانداق تاشلاپ قويالايمەن ؟!بولدى جىق سۆزلىمە قان جىق چىقىپ كېتىپتۇ، بىر ئامال —

. قىلىپ توختاتمىساق بولمايدۇ

يارام ئېغىرمىكەن ؟ ئېغىي يارلانغىنىمنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭدىن قەستەن سورىغان —

.ئىدىم

شۇنداق ! ئۇنىڭ ئۇچتال تىرنىقى سول مۇرەمدى بىلىكىنىڭ ئاستىغىچە چوڭقۇر تىلىۋېتىپتۇ . — قىرىق ئاللىك سانتىلا چىققۇدەك .

قارىغاندا بۇيارامنى تىككۈچە ئىككى يۈگەم يىپ كەتكۈدەك جۇمۇ ؟! ئۆزەمنىڭ هالى شۇنچە — بوش تۇرسمۇ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا چاقچاق قىلغان ئىدىم .

مۇشۇ هالدا تۇرۇپ يەنە چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭىزنى ! سىز بىزگە لازىم ئۆرۈلۈك يارىڭىزنى — تاڭمەن . ئالىيە بۇ قوپاللىق سۆزلىگەن بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتامدۇ ياكى مېنىڭ يارلانغىنىمغا چىدىمايۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى . ئۇ كۆزۈنى مىنىڭ كۆزۈمدىن ئۈزمەي قاراۋاتاتتى ، ئۆزەمنى شۇنداق ئوڭايسىزلانغاندەك ئۇنىڭغا قاراشتىن كۆزۈمنى ئەپ قاچاتتىم . ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ يا؟! مەن هېچقاچان ياخشى كۆرۈشنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى هېس قىلىپ باقمىغان . ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتقان تۇنجى ئايال زاتى دىسەم بولىدۇ .

. بۇ داكىنى نەدىن تاپتىڭىز ؟ دىققەتنى بۇراش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدۇم —

هېلىقى سومكىدا باركەندۇق ! ئۇ شۇنداق دىگەچ يارامنى چىڭ تېڭىشقا باشلىدى . هەر بىر — قېتىم تارتقاندا ئېچىشىپ ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى . ئەمما مەن ئۇندىمەستىن چىشىمنى چىشلەپ تۇردۇم .— كىم سىزنى چاپاننى تاشلىۋەتسۇن دەپتۇ ؟! ئېلىڭ ما چاپاننى . ماڭا ساق قايتۇرۇپ بېرىسىز . ئۇ شۇنداق دىگەچ چاپىنىنى سىلىپ ماڭا سۇندى .

. بۇ ماڭا كىچىك كىلىپ قالدۇ ! ئۆزىڭىز كىيگىنىڭىز ياخشى —

باشقىلارنىڭ سىزگە بەرگۈدەك ئارتۇق كىيمى يوق . ئۇ شۇنداق دىگەچ ئۆزى كىيگۈزۈپ — قويۇشقا باشلىدى . ئۇ كىيىمنى كىيگۈزۈپ قويۋاتقان ۋاقىتتا كۆزىنى مېنىڭدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى . ئۆزەممۇ بىلىپ بىلمەي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپلا قالغان ئىدىم . هېچقاچان هېس قىلىپ باقمىغان بىر سىزىم بەدىنىمنى چىرمىۋالغان ئىدى ، يۈرۈكۈم ئۆزەممۇ تۇيمىغان هالدا تېز سوقۇشقا باشلاپ كەتكەن ئىدى . ئۆزەمنى بايا نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ

تۇتقۇنۇمنى بىلمەيتتىم ، قورقۇشتىنمۇ ياكى ياخشى كۆرۈشتىنمۇ ؟ ئەمما ھازىرقى ھىسياتىمنى

ـ !!!! ئىپادىلەپ بىرەلمەيتتىم . ......... بەلكىم بۇ ياخشى كۆرۈش بولسا كېرەك

باب ـ 10

ئەجەل

ئەلى . قانداق تۇرسە ؟ ماڭالامسەن ؟ —

مەن تۇرۇپ باقاي . ماتىيەن بىلەن ئىككىسنى ياردىمدە ئورنۇمدىن تۇردۇم . ئۆزەمنىڭ —

ئۇزاققا بەردەشلىق بىرەلمەيدىغىنىم كۆڭلۈمگە ئايان شۇنداقتىمۇ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرمىسەم

. بولمايدۇدە

!يۆلىۋالايمۇ ؟ —

رەخمەت ئاداش ! ماڭالايدىغاندەك قىلىمەن . ماڭايلى قانچە تېز چىقىپ كەتسەك شۇنچە —

. ياخشى

ھەممىمىز تىك يارنى ياقىلاپ مېڭىشقا باشلىدۇق . ئاستىنىك قانچىلىك چوڭقۇرلىقىنى كۆرگىلى

بولمايتتى . قان بەك چىقىپ كەتكەچكە بارغانسىرى ھالىمدىن كېتىپ باراتتىم تىك يارنى بويلاپ

. خېلى ئۇزاق ماڭدۇق

قاراڭلار . ئالدىمىزدىكى پەسكە چۈشىدىغان پەشتاق باركەن . ماتىيەن ئالدى تەرەپ كۆرستىپ—

. تۇراتتى

ئەمدى چاتاق بولدى . ھېلىقى يولۋاس ئۆلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. ئۆلمىگەن بولسا ئىش —

. چاتاق بۇلىدۇ

. بۇنچىلىك ئىگىزدىن چۈشۈپ كەتسە ئۆلمەي قالماس —

...... ئەگەر ئۇ مۈردىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن بولسا ئۆلشىدە گەپ يوق . ئەمما —

. بولدى . ئاۋال پەسكە چۈشۈپ باقايلى . باشقا يولمۇ قالمىدى —

ھەممىمىز پەلەمپەينى پەسكە قاراپ چۈششكە باشلىدۇق . تەخمىنەن قىرىق ـ ئەللىك مېتىر چۈشكەندىن كېيىن پەلەمپەينىڭ ئاخىرى كۆرۈندى . پۈتۈن ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن . بۇلۇپ نەچچە ئون مېتىر ئارلىقنى تەستە كۆرۈۋاتاتتىم

بىر ـ بىرىمىزگە يېقىن ماڭىنى . ئامال بار تېۋش چىقارماڭلار . ھەممىمىز ماتىيەننىڭ گېپى — بويىچە بىر ـ بىرىمىزگە چاپلىشىپ ئاۋازمۇ چىقارماي ماڭدۇق . ئالدىمىزغا ماڭغانسىرى دۆۋە ـ دۆۋە ئىسكىلىتلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . كۆپىنچىسى ئادەملەرنىڭ بولۇپ ئاز بىر قىسمى ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى ئىكەن . پۈتۈن ئەتراپ شۇنداق سۈرلۈك تۇسكە كىرگەن بولۇپقورقۇنۇشلۇق ئىشلار كۆپ يۈز بېرىپ كەتكەچكە ئۆزىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتاتتۇق ، شۇنداقتىمۇ كۆز . ئالدىمىزدىكى بۇ مەنزىرىدە قورقمۇدۇم دىسە يالغان ئېيتقان بولىمەن

ئاۋۇ يەردە بىرسى ياتىدۇ ! ماتىيەن شۇنداق دىگەچ ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى .ئۇنۇڭغا ئاستا — ئاستا يېقىنلاشتۇق . دەرۋەقە كۆك چاپان كىيگەن بىرى بولۇپ كۆز ـ بۇرۇنلىرىدىن چىققان قان . ئاللىقاچان ئۇيۇپ قالغان ئىكەن . ئۇنىڭ تېنى سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى

!ئۇستىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ —

ياق ، ھەممىسى ئەمەس . ئالمىنىڭ جەستى تېخى تېپىلمىدى . ئەمما بۇ يەرگىدىن چىقىپ — . كېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ جەستىنى كۆرسەم دەيمەن . ھەممىسى مىنىڭ چىرايىمغا قاراشتى

ئۇنىڭ يىنىنى ئاختۇرۇپ باقايلى ، بەلكىم لازىملىق نەرسە چىقىپ قالامدۇ، ماتىيەن شۇنداق — دىگەچ ئۇنىڭ يىنىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى ، ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بىر ۋاراقنى ئېلىپ ماڭا . تەڭلىدى ،— مەن دىدىمغۇ بۇ نەرسە چوقۇم بىزگە لازىم بۇلىدۇ

مەن ۋاراقنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم كوپيوتىردا بېسىپ چىقىرىلغان خەرىتىكەن ، خەرىتىنىڭ ئىككى ئۇچىدا ئىككى ئۆت سىزىلغان ئوتتۇرىسىدا ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ ئاددى خەرىتىسى، . بۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ھەممىسى ئىنگلىسچە خەتلەركەن

كىم ئىنگلىسچىگە ئۇقىدۇ ؟ —

ماڭا بېرىڭ . مەن تەرجىمە قىلىپ بېرەي. ئالىيە خەرىتىنى قولىغا ئېلىپ سىنجىلاپ قارىغاندىن—

. كېيىن چىرايى تۇرۇلدى ،— بىز ھەقىقەتەن قىلتاققا چۈشۈپتىمىز

ئۈستىگە نىملەر يېزىلىپتۇ ؟ —

قاراڭلار بۇ چەتتىكى ئىككى جايىنىڭ بىرى بىز دەسلەپتە كىرگەن ئالتۇن ئامبىرىكەن . يەنە —

. بىرىمىز ئوخشاشكەن

چۈشەندىم . سىدىق بوۋاي كىرگىنى باشقىسىكەن ئەمەسمۇ . نىمشقا چىقىش ئېغىزى يوقكىن —

دەپتىمەن . ماۋۇ ئوتتۇردىكىچۇ ؟

قىلتاقكەن . پۈتۈن شەھەر باشتىن ئاخىرى قىلتاقكەن . قاراڭلا بۇ بايام قاپسىلىپ قالغان —

ئوردىكەن بۇنۇڭغا روھ قەپىسى دەپ يېزىلىپ قويۇپتۇ . ئۇ شۇنداق دىگەچ مىنىڭ چىرايىمغا قاراپ

قويدى.— قارىغاندا سىزگە ئاڭلانغان ئاۋازنى روھلار چىقارغان ئوخشايدۇ . مانا ماۋۇ يەر ھازىر بىز

تۇرغان جايكەن ، چاتاق يېرى بۇيەرگە مۇردىلار ئازگىلى دەپ يېزىلىپتۇ . ھەممىمىز بىربىرىمىززگە

. قاراپ قويدۇق

. چىقىش ئېغىزى دەپ يېزىلغان جاي يوقمىكەن؟ ماتيەن جەددىيلەشكەنچە ئالىيەدىن سورىدى—

باركەن . بۇ ئازگالنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا چىقساق ئۈستى تەرەپتە بىر تۈز يەر باركەن ئۇنىڭدىن —

. ئۆتسەك بۇ يەردە يەنە بىر ئازگال باركەن . چىقىش ئېغىزى شۇ ئازگالنىڭ قارشى تەرىپىدىكەن

! قارىغاندا بۇ يەردىن چىقىپ كەتمىكىمىز ئۇنچە ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ . ماڭايلى —

..... ئالدىمىزدا مۇردىلار چىقىپ قالسا —

ئۆلىمىز ! ماتيەن گېپىنى بۆلىۋەتكەنگە ئاچچىقى كەلدىمۇ ياكى قىلغان گېپىدىن قورقۇپ —

قالدىمۇ چىرايىنى تۈرۈپ قاراپ قويدى . تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن كۈچلۈك شامال

ئۆرۈلۈپ قولىمىزدىكى مەشئەلنى ئۆچۈرۋەتتى ئەمما يانىلا ئەتراپنى كۆرگىلى بولىۋاتاتتى . ئارقى

تەرەپىمدىن يەنە نەپەس ئېلىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى . پۈتۈن بەدىنىم يەنە سوغاق تەرگە

. چۈمۈلۈپ كەتتى ، دۈمبەمدىكى يارا ئېچىشىشقا باشلىدى

ئۆلسەن ! ئۆلسەن ! ھېلىقى نەرسە قۇلاق تۈۋىمدە پىچىرلاۋاتاتتى . ئۆزەمنىڭ ھالى ئۆزەمگە — ئايان ، بەربىر ئۆلىدىغان جان شۇ خىيال بىلەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا خەنجەرنى ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىدىم . ئەمما قولۇم ھاۋادا تۇرۇپ قالدى . ھېچنىمە يوق ، زادى نىم بولغىدى ؟! — ئۆلتەگىڭ بولسا چىقمامسەن ! جان ئاچچىقىدا قاتتىق ۋارقىردىم ، ئاۋازىم غار . ئىچىدە ئەكس سادا بولۇپ قايتىۋاتاتتى

ئەلى نىم بولدى ! ئالىيە كىلىپ قولۇمدىن يۆلىۋالدى . — ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىۋاتامدۇ — ؟

ئۇلارغا كېرىكى مەن ئوخشايمەن . نىمىشقا ماڭىلا ئاڭلىنىدۇ بۇ ئاۋاز ؟ —

. سىز ھەممىمىزگە كېرەك ، بۇ يەردىن تەڭ چىقىپ كىتىمىز —

. شۇنداق ! سىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ . غەيرەت قىل ئاداش —

ھەممىمىز قۇلىمىزدىكى مەشئەلنى تاشلىۋېتىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشتۇق . يەردە تۇرغان سۆڭەكلەر بارغانسىرى جىقلاپ كېتىۋاتاتتى . نىمدىگەن جىق جەسەت بۇ . بۇ يەردە ھېچ مۇردا . كۆرەنمەيتتى

ئالدىمىزدا ئاچا يول باركەن . قايسى تەرەپكە ماڭىمىز ؟ ماتىيەن ئالدى تەرەپتىنى كۆرسىتىپ — . تۇراتتى

خەرىتىگە قاراپ بېقىڭ ئالىيە ! ھالسىزلىنىپ كەتكىنىمدىن گەپ قىلىشقىمۇ راھىم قالمىغان — . ئىدى

دەرۋەقە خەرىتىدە ئىككى ئىككى ئۆزۈك سىزىق باركەن . بىرى بىۋاستە ئۇستىگە تۇتۇشۇپتۇ . — يەنە بىرى بەك ئۇزاققا سوزۇلۇپتۇ . ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىقى چىقماي تۇرۇپلا ئىككى تەرەپتىكى سۆڭەكلەر ئۆرۈلۈپ ئىچىدىن ئادەم قارغۇسىز بوپ كەتكەن جەسەتلەر چىقىشقا باشلىدى . بۇ . مەنزىرنى ھېچقانداق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايدۇ

! مۇردا —

ھەممىمىز جىددىيلىشىشكە باشلىدۇق . ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى يېقىنلاپلا كېلىۋاتاتتى .كەينى تەرىپىمىز پۈتۈنلەي مۇردا بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى . كۆڭلۈم ھەممىنى تۈيۈپ تۇردۇ . ئۇلار بەلكىم يارامدىن چىققان قاننى پۇراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ مەن سەۋەپلىك ئۆلۈپ . كېتىشىنى خالىمايتتىم . بولالمايۋاتقىنىمنى ئۇلارغا سەزدۈرمىسەممۇ ھەممىسى ئۆزەمگە ئايان چاپىنىمنى سېلىپ ئالىيەگە كىيگۈزۈپ قويدۇم . — سىلەر ئۆستىگە تۇتاشقان قىشقا يول بىلەن . مېڭىڭلار ، ئۇلارنى مەن ماۋۇ يولغا باشلاپ ماڭاي . ئۇستىگە چىققاندا ئۇچرىشىنى

'. ئەلى ! نىمە داۋاتىسىز ؟! سىز يارلاندىڭىز سىزنى تاشلاپ قويساق بولمايدۇ —

توغرا ئاداش ! سىنى قانداق تاشلاپ قويمىز؟ —

مېڭىڭلار ! ئۇلارغا قاراپ قاتتىق ۋارقىردىم . ئۇلار نىم دىيىشىنى بىلەلمەي ماڭا قاراپ تۇرۇپلا— قالدى ،— مەن سىلەرگە ئۇستىدە ئۇچرىشىنى دىدىم . ھەممىمىز ئۆلسەك ياخشى

! بولامتى ؟! مېڭىڭلا

ئۇلار گەپ قىلماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ تۆز يولغا قاراپ مېڭىشتى . ئالىيەنىڭ يىغلىغىنى قولۇقۇمغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . مەن بولسام ئالدىمدىكى مۇردىلارغا تىكىلگىنىمچە ئورنۇمدا تۇراتتىم . بۇ يولنىڭ ئايىقىغا چىقىشقا كۆزۈم يەتمەيتتى ، ئۇلار ئۇچۇن قۇربان بولۇشقا رازى ئىدىم . مەيلى ئاخىرقى تىنىقىمغىچە تۇتۇشۇپ باقاي . دۈمبەمدىكى تېگىپ قويغان داكىنى ئاستا يەشتىم ، داڭا قىنىم بىلەن قىپقىزىل بوُيۇلۇپ كەتكەن ئىدى . ئۆزەم ئاستا يەنە بىر يولغا قاراپ بۇرۇلدۇم ، ئالدىمدىكى مۇردىلارنىڭ چىرايى ئادەم تەلەتى قالمىغان بولۇپ پەقەت ئىككى كۆزىنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . ئۇلارمۇ ئادەمنىڭ تىنىنى شۇركەندۇردىغان ئاۋازچىقىرىپ مەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى . ئۇلار بىلەن ئارلىقىم پەقەت ئون مىترچىلا قالدى . قولۇمدىكى ... داكىنى يەرگە تاشلىدىمدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ جېنىمنىڭ بارىچە يۈگرەشكە باشلىدىم كەينىمدىكى مۇردىلارمۇ مېنىڭدىن تېز تۈگرەپ كېلىۋاتاتتى . دۈمبەمدىكى يارىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى ، ئۇلار مەن تەرەپكە ماڭدى ، ياخشى بولدى ئۇلار قۇتۇلۇپ قالدىغان بولدى .تىنىم

بارغانسىرى ئاجىزلىشىۋاتقان بولسىمۇ كۆڭلۈم يەنىلا خاتىرجەم ئىدى ، ئەڭ يېقىن دوستۇم ئۆچۈن،

.... ياخشى كۆرگەن ئادىمىم ئۆچۈن يەنە بىز ئۆچۈن قۇربان بولغان سەبداشلار ئۆچۈن

كەينىمدىكى مۇردىلارمۇ مېنىڭدىن تېز تۈگىرەپ كىلىۋاتاتتى . دۈمبەمدىكى ياردىن قان ئېقىشقا باشلىدى ، ئۇلار مەن تەرەپكە ماڭدى ، ياخشى بولدى ئۇلار قۇتۇلۇپ قالدىغان بولدى .تىنىم بارغانسىرى ئاجىزلىشىۋاتقان بولسىمۇ كۆڭلۈم يەنىلا خاتىرجەم ئىدى ، ئەڭ يېقىن دوستۇم ئۆچۈن،

.... ياخشى كۆرگەن ئادىمىم ئۆچۈن يەنە بىز ئۆچۈن قۇربان بولغان سەبداشلار ئۆچۈن

ئەھۋالىم بارغانسىرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى . پۈتۈمنى يۆتكىگەندەك ھالىم قالمىدى . ئالار ئاللىقاچان ماڭا يىتىشۋالدى ، تۈيۈقسىز كەينىمدىن بىرمۇردا ئېسىلىپ ئۆزەمنى قاچۇرۇپ بولغۇچە مۇرەمنى قاتتىق چىشلىدى ، ئاغرىقنىڭ ئۈستىگە ئاغرىقى قوشۇلۇپ بېشىم چېقىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى . بۇنداق ئۆلسەم بولمايدۇ ! ... بۇنداق ئۆلسەم بولمايدۇ ! جان ئاچچىقىمدا كەينىمگە بۇرۇلۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر جەنجەر ئۇردۇم ، خەنجەر ئۇنىڭ پىشانىسىدىن كىيىم ئىگىكىدىن چىقىپ كەتسىمۇمېنى قويۇپ بەرمەي چىڭ ئېسىلىپ تۇرات. بۇلار قانداق قىلسا ئۆلىدىغان بولغىدى ؟! بېشنى پىچاق بىلان تىشۋەتسەممۇ ئېسىلىشىپ تۇردىغۇ ... خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ كانىيغا كۈچەپ بىرنى ئۇرۇۋشۇم بىلەن ئۇنىڭ بېشى يەرگە ئۆزى بىلەن تەڭ يىرگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى . كەينىمگە بۇرۇلۇپ قېچىشىم بىلەنلا يەنە نەس باسقاندەك يەردىكى سۆڭەككە پۇتلۇشۇپ ئوڭدىسىغا چۈشتۈم . كەينىمدىن كەلگەن مۇردىلار يۈگىرەپ كەلگەنچە پاقالچىقىمنى قاتتىق بىرنى چىشلىشى بىلەن ئاغرىققا چىدىماي قاتتىق ۋارقىرۋاتتىم . ئۆرۈلۈپلا يەنە بىر پۇتۇم بىلەن ئۇنىڭبېشىغا قاتتىق بىرنى تەپتىم . قارس قىلغان ئاۋاز . بىلەن ئۇنۇڭ بېشى كەينىگە قارىلىپ پۇتۇمنىڭ ئۈستىدىلا يىتىپ قالدى

ياخشى ! ئاجىزلىقىڭنى بىلدىم ! سىنىڭ ئاجىزلىقىڭ باشقا يېرىڭ ئەمەس دەل بويۇن

تەرپىڭكەن . ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇشىمغا يەنە بىر مۇردا كېلىپ ئۆزىنىئۇستۇمگىلا تاشلىدى قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئاران توسۇپ تۇراتتىم ئازراقلا بوشاپ قالسام مېنى چىشلىۋېلى ئېنىق ئىدى . شۇ تاپتا يۈرەك سوقۇشۇم تېزلىشىپ قولۇمدىكى خەنجەرنى ئۇرۇشقىمۇ ماجالىم قالمىغان ئىدى . مەيلى ... ئەمدى ئارمىنىم يوق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربى ـ ساقچىلار ئۇلار قېچىپ كىتەلەيدۇ . مەن تەييار بوپ بولدۇم .... ئۇستۇمدىكى مۇردا بىلەن ئاخىرقى رەت تىركىشىپ . تۇرغۇنۇم ئېنىق

. ئەلى ! ماتىيەننىڭ ئاۋازا يېقىن ئەتراپتىنلا چىقىۋاتاتتى—

! ئەلى ! بىز كەلدۇق ئەلى —

ئالىيە . ئاناڭنى ئەبلەخلەر مەن ئۇلارنى دەپ مۇشۇ يولنى تاللىسام ئۇلار قايتىپ كەپتۇ . كەينى تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مۇردىلار بىلەن ئېلىشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇلارغا ئاچچىقىم . كەلسىمۇ ئۇلارنىڭ مېنى دەپ قايتىپ كەلگىنىدىن كۆڭلۈم سۆيىنگەن ئىدى

ماقۇل سەنمۇ چۆشۈپ كەت ئەمدى . شۇنداق دىدىمدە بار كۈچۈمنى يىغىپ ئۇنۇڭ بوينىغا — بىرخەنجەر ئۇردۇم . ئۇ سەت چىقارغانچە ئۇستۇمگىلا يىقىلدى ، ئۇنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا شۇنچە تىرىشساممۇ ئاغرىق دەستىدىن مىدىرلىغىلى بولمايۋاتاتتى . ئاستا ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قارىدىم ،ھەقىقەتەن ئۇلاركەن .ئۇلارنىڭ بۇنچە قالتىسلىقىنى بىلمەپتىمەن مۇردىلارنىڭ ئارىسىدىن شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈپ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى . نىردەمنىڭ ئىچىدىلا . نۇرغۇن مۇردىلەرنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ يېنىمغا كېپ قالغان ئىدى

ئالىيە . بېرىپ ئەلىنى يۆلەڭ . بىز مۇردىلارنى توسۇپ تۇرايلى . ماتىيەننىڭ ئاۋازى يېنىمدىلا— . ئاڭلىنىشقا باشلىدى

دوستۇم ! دوستۇم ! بۇ ھاياتتا ساڭا قانچىلىك قەرىزدار بولغاندىمەن ؟! ھېچقانداق تۆققاندارچىلىقىم بولمىغان ، يەنە تېخى باشقا مىللەتتىن بولغان بىرى ماڭا شۇنداق ياخشىلىقلار قىلىۋاتىدۇ . بېشىم قېيىپ ئاستا قىيسىيىشقا باشلىدىم . ئالىيە يۈگرەپ كەلگەنچە بېشىمنى قولىغا

. ئېلىۋالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش توختىماي قۇيۇلۇشقا باشلىدى

ئېي ناداق قىز ! نېمىشقا يىنىپ كەلسىز ؟ مەن ..... گېپىمنىڭ ئايىقى چىققۇچە ئۇ لىۋىنى — لىۋىمنىڭ ئۈتىگە باستى ،يۈرۈكۈم سوقىشى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھېچقاچان تېتىپ باقمىغان شېرىن ھېسلارغا تولدى . شۇ تاپتا بەدىنىمدىكى ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم . مۇھەببەت دىگەن شۇكەندە . مەندەك بىر كېپەن ئوغرىسىنىڭ بىر ساقچى تەرپىدىن بۇ مۇھەببەتكە ئېرىششىم مېنىڭ ئىككى ئالەملىك تەلىيىم دىسەم بولىدۇ . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يۈزۈمنى ئېقىپ چۈشىۋاتاتتى ، قانچىلىك سۆيۈشكىنىمنى بىلمەيمەن ھەممىنى ئۇنتۇت . ئىدىم

ئۆھۆ ئۆھۆ ....نېرىدىن ماتىيەنىنىڭ قەستەن يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .— سىلەرگە دەخلى — . قىلغۇم يوق ، بولسا بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ھېچكىم سىلەرگەدەخلە قىلماستى

ئالىيە لىۋىنى لىۋىمدىن ئاجرىتىپ كۆلۈپ قويدى ، ئۇنىڭ كۆلكىسى شۇنچىلىك تەبى شۇنچىلىك ئۇماق تۇيۇلۇۋاتاتتى . مەن بۇنداق بۇلۇشىنى خالىسامۇ ئۇنىڭ قەلبى يارىسىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى . خالىمايتتىم

ماتىيەن بىلەن ۋاڭخەنمۇ كېلىپ مىنى يۆلەپ تۇرغازدى ـــ قانداق تۇرسەن دەي دىسەم بەدىنىڭنىڭ . ساق يېرى قالماپتۇ . كېلى بىز سىنى يۆلەپ ماڭايلى

! سەن ئەبلەخ نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسەن —

مەنلا ئەمەس باشقىلارمۇ سىنى تاشلاپ قويىشنى خالىمىدى ، ئۇ شۇنداق دىگەچ ئالىيەنى — ئىشارەتلەپ قويدى . كەينى تەرەپتىن يولۋاسنىڭ قاتتىق ھۆركىرگەن ئاۋازى پۈتۈن ئەتراپنى زىل . زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى . ئۇنۇڭ يوگرەپ كىلىۋاتقان ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى

! ئۆلمەپتۇدە ! ماڭايلى —

ھەممىمىز قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدۇق . تۆت ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كەتكەچكە ئالدى تەرەپنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايۋاتاتتى . ھەممىمىز جىددىيلىشكە

باشلىدۇق . كەينى تەرەپتىن يولۋاسنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ئالدى

. تەرەپتىن بىر سايىنىڭ ئۆڭ تەرەپكە كىرىپ كەتكىنىنى غىلپاللا كۆرۈپ قالغاندەك بولدۇم

.. ئاۋۇ تەرەپكە مېڭىپ باقايلى . بىر سايىنى شۇ يەرگە ماڭغىنىنى كۆرۈپ قالدىم —

! ئەلى ، خىيالى تۇيغۇڭ ئەمەستۇ ؟ بىز ئەجەپ كۆرمەپتۇقغۇ —

تۇيغۇم ئەمەس بىرىپ باقايلى . ھەممىمىز شۇ ياققا قاراپ مېڭىشتۇق ، ھەققەتەن تىكيارنىڭ —

. ئۇستىگە تۇتاشقان چىغىر يول تۇراتتى

بۇ يول بەكلا تىككەن . باشقا يولدىن ماڭايلىمۇ ؟ —

! ياق ، مۇشۇ يولدىن چىقايلى . ئەمدى ئۆلگىرەلمەيمىز —

سەن بولالامسەن ئاداش ؟ —

بولالايمەن . خاتىرجەم بولۇڭلار ! ئۇلارغا ئىشەنچلىك سۈزلىگىنىم بىلەن بۇنچە تىك يولنىڭ —

. ئايىقىنى چىقىرىپ كىتىشكە كۆزۈم يەتمەيتتى . مېنىڭ ئويلىغىنىم ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىلا ئىدى

ماتىيەن ئالدىمدا مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ مېڭىۋاتاتتى . تەرنىڭ دەستىدىن بەدەنلىرىم ئېچىشىشقا

; . باشلىدى . ئاستى تەرەپتىن يولۋاسنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى

ئۇ كىلىپتۇ ، سۈرەتنى تېزلىتەيلى ، ماتىيەننىڭ گېپى بىلەن ھەممىمىز بار كۈچىمىز بىلەن —

ئۇستىگە يامىششقا باشلىدۇق . ئۇستىگە يىگىرمە مىتىردەك يامىشىپ چىققاندا ئۇستى تەرەپتىن

. ئالىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . — ئاز قاپتۇق يەنە ئون مىترچە قاپتۇ . غەيرەت قىلىڭلار

ئەلى غەيرەت قىل . ئۇ يىتىشۋالاي دەپ قالدى . ماتىيەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پەسكە قاردىم ئۇ —

بىزگە يىتىشۋېلىشقا ئازلا قالغان ئىدى . بار كۈچۈمنى يىغىپ توختىماي ئۇستىگە قاراپ يامىششقا

كىرىشتىم .— ئەلى بېشىڭنى پەس قىل ! ماتىيەن شۇنداق دىگەچ يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ يولۋاسقا

قارىتىپ تاشلاشقا باشلىدى . تاش يولۋاسنىڭ دۈمبىسىدىن سۈرۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى ۋاڭ خەن بىلەن

ئىككىسى كەينىدىن تاشلارنى پەسكە تاشلاشتى . ئۇلار تاشلىغان تاشلارنىڭ پايدىسى

بولدى يوغان بىرتاش يولۋاسنىڭ پۇتىغا تىگىپ موللاق ئاتقانچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ قايتا

. يامشىپ چىققۇچە بىز ئۈستىگە چىقىۋېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى

قولىڭنى بەر ! ماتىيەن قولىنى سونۇپ تۇراتتى ، ئۇنۇڭ ياردىمى بىلەنئاسىرى ئۈستىگە يامىشىپ —
چىقىۋالدىم . دەرۋەقە خەرىتىدىكى بىلەن ئوخشاشكەنئالدى تەرەپ پۈتبول مەيدانىنىڭ چوڭلۇقىدا
تۈ يەر بولۇپ ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى . تۈ يەرنىڭ يەنە بىر تەرپىدە چوڭ بىر جىلغا
. توغۇرسىغا تۇراتتى

ئىلاھىم ئۇ يەردە كۆرۈك بار بولغىدى . ئۇ يەردىن ئۆتىۋالساقلا قۇتىلىمىز . تېز ماڭايلى ئاۋۇ —
لالما بۇ يەردىن چىقىۋالغۇچە ئۇ يەردىن ئۆتىۋالايلى . جىلغىنىڭ يېنىغاقاراپ يۈرۈپ كەتتۇق ، ئۇ
يەرگە يېگىرمە مېتىر قالغاندا تار ئاسما كۆۋرۈك كۆزىمىزگە كۆرەندى . چاتاق يېرى ئۇنىڭ بىر
تەرەپتىكى ئارغامچىسى بوشاپ قالغان ئىدى . كەينى تەرەپتىن ھىلقى ھۆركۈرگەن ئاۋاز بىلەن
يولۋاس تىك ياردىن ئېتىلىپ چىقىپ بىز تەرەپكە يۈگرەپ كېلىۋاتات .قانداق قىلىش كېرەك . بىر
ئارغامچىغە يامىشىپ ئۆتۈپ بولغىچە ئۇ يىتىشىۋالىدۇ . يانە بىر ئارغامچىنى مەن تۇتۇپ تۇرسام
بولغىدەك . مەن بەربىر بولالمىغۇدەكمەن ، شۇ تاپتا نەپسىم قىسىلىپ بېشىم قېيىشقا باشلىغان
. ئىدى

خەنجىرىمگە بوشاپ كەتكەن ئارغامچىنى نەچچە رەت يۆگىگەندىن كېيىن كۆچەپ تارتىپ يەرگە
سانجىدىم . ئەڭ ئاخرقى كۈچۈمنى يىغىپ خەنجەرنىڭ يەرگە تىرەپ تۇردۇم ! ئۇلار ئۆچىسى ماڭا
. تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇلار مىنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەندەك بولدى

! تېز بولۇڭلار ۋاقىت قالمىدى —

. ياق ئەلى سەن ماڭغىن مەن تۇتۇپ تۇراي ؟ ماتىيەن شۇنداق دىگەچ قولىنى ماڭا سۇندى —
ئاناڭنى ! قولۇم بوشاپ كەتكىلىۋاتىدۇ . تېز بول ئۇ يېقىنلاپ قالدى . جان ئاچچىقىمدا —
ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىردىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىدىم . ئۇ يېقىنلاپ ئەللىك مېتىرچە
. قالغان ئىدى

تېز ماڭايلى ! ماتىيەن شۇنداق دىگەچ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاسما كۆرۈكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى —

ئۇ ئاسما كۆرۈكنىڭ ئوتتۇرسىغا كەلگەندە ئېغىرلىقنىڭ بېسىمىسىن خەنجەرنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىم ئاستا كۆتۈرلۈشكە باشلىدى . بار كۈچۈم بىلەن خەنجەرنى يەرگە تىرىدىم ئۇنىڭ سىپى قولۇمغا پىتىم ئالقىنىمدىن قان چىقىشقا باشلىدى . ئۇنۇڭ كەينىدىن ۋاڭخەن ئەڭ ئاخىردا ئالىيە ئۆتۈشكە باشلىدى . ئالدىمغا قارسا يىگىرمە مىتىر نېرىدا يولۋاس ماگا قاراپ ئېتىلىپ كىلىۋاتقان . پۈتۈن ئەتراپنى جەسەت بۇگىلىرى . چايان ، ئۆمۈچۈك ۋە يىلانلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى . ئەجەلنىڭ ماگا يېقىنلاپ كىلىۋاتقىنى ئايان .

كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قاردىم ، ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىسمۇ مۇشۇنداق قىلماي ئىلاجىم يوق ئىدى . ئۇلار ئۇچۇن قىلغانلىرىمغا پۇشايمىنىم يوق ئىدى .خەنجەرنى يەردىن سۇغۇرۇپ ئېلىپلا يەنە بىرر ئارغامچىغا قارتىپ شىلتىدىم . تاراسلىغان ئاۋاز بىلەن ئاسما كۆرۈك ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قىلغىنىڭ ... يەنە بىر ياقىسغا ئۆرۈلدى

ئەلى ! ئەلى ! ۋۇ ئەبلەخ ! بۇ نىمە قىلغىنىڭ ! ماتىيەننىڭ ماگا قاراپ قاتتىق ۋارقىراۋاتاتتى .— ئۇلار مىنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن . قاتتىق كۈچۈۋەتكەچكە ئېغىزىمدىن قان يىنىشقا باشلىدى ، ئۇلارغا كىرىكى مەن . ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ماگا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى . مەندىن باشقا ھىچكىم بۇنى سەزمىدى .

ئەلى ! بۇ نىم قىلغىنىڭىز ؟! ئالىيە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى . ئۆزى ئويلىغان مۇھەببەتنىڭ — مۇشۇ يەردە ئاياغلىشىدىغىنىنى ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك . ئۇلا ئەمەس مەنمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىدى .

ئۈزۈكنى دىدىق بوۋايغا قايتۇرۇپ بېرىڭ .ئۇ نىمە دىگىنىمنى چۈشەنمىدى بولغاي ھەيرانلىقتا — ماگا قاراپ تۇراتتى . ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم بۇ مىنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئىچىمدىن چىقىرىپ كۈلىۋالغىنىم ئىدى . كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئون مىتىر نېرىدا يولۋاسنىڭ ماگا تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم . ئەمدى نەگە قاچسەن دىگەندەك پۈتۈن مەخلۇقلار ماگا سىرىس بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى .

سىلەرگە تۇرۇپ بېردىغان ئەلى يوق . تۇرۇپ بېرىدىغان ئەلى تېخى تۇغۇلمىدى .... —

شۇنداق دىگەنچە خەنجەرنىڭ سىپىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنۇڭغا قاراپ ئېيلدىم يولۋاسمۇ خۇددى دوئىلغا چۈشكەندە ئېتىلىپ كەلدى . بار كۈچۈم بىلەن سەككىرەپ خەنجەرنى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇشمغا ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى يۈزۈمگە قاتتىق ئۇرۇلۇپ خەنجەر نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى . يۈزۈمنىڭ يېرىمى ئاللىقاچان تىتىلىپ كەتكىننى سېزىپ تۇراتتىم . يەرگە چۈشمەستىنلا ئۆپكەمنى ئۇچلۇق نەرسە تىشىپ ئۆتتۈپ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىم قانغا تولدى . كۈچلۈك سىلكىنىشتىن كىيىن ئۇچۇپ بېرىپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇلدۇم . ئۆزەمنىڭ قاراڭغۇ جىلغىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كىتىۋاتقىنىمنى سېزىپ قالدىم .

ئالىيە ، ئۇ جىلغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا ۋارقىراۋاتقان ئىدى ، ماتىيەن ۋاڭخەن ئۇلارنىمۇ كۆردۇم ئەمما ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايۋاتاتتى . پۈتۈن بەدىنىمدىكى ئاغرىق يوقاپ كەتكەندەك بەدىنىم شۇنداق يىنىكلەپ ئىختىيارسىز قاراڭغۇ بوشلۇققا چۈكۈپ كىتىپ ............................ باراتتىم

خاتىمە

! ئەلى ! ئەلى —

ئالىيە كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئىشەنمىگەندەك جىلغىنىڭ ئاستىغا قاراپ توختىماي ۋارقىرايتتى ، ئۆزىنى تۇتۇلالماي ئۆكسۈم ئۆسۈپ يىغلاۋاتاتتى . ماتىيەنمۇ ۋاڭخەنمۇ ئەلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەنمىگەندەك قاراڭغۇ جىلغىنىڭ ئاستىغا تىكىلىپ تۇراتتى .

ماڭايلى . ماڭايلى ! ئۇلار قوغلاپ كەلگۈچە كىتۋالايلى! ماتىيەن شۇنداق دىگىنچە ئالىيەنى — مېڭىشقا ئۈندىمەكچى بولدى .

ياق ! ئۇ تېخى ئۆلمىدى . ئۇ ئۆلمىدى ئالىيە ئۆزىنى بېسىۋالالمايۋاتقان ئىدى . ئۆزى ياخشى — كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا جان بىرىشىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولمىسا كېرەك .

! ئالىيە —

ماتىيەن ئۇنى قاتتىق سىلكىشىدىن ئالىيە چۆچۈپ قارىدى .— ئۇ ئۆلدى . ئەمدى چىقالمايدۇ ،

ئۇ سىزنى قۇربان بولدى بىلەمسىز ؟! بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرسىڭىز ئۇنىڭ روھىغا يۈز

! كېلەلەمسىز ؟!  سىز يەنە ياشىشىڭىز كېرەك

. ماتىيەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى .ئەمما ئۇنىڭ يېشى توختىماي تۆكۈلۈپ تۇراتتى

ئۇلار قۇملۇقتا ماڭغىلى ماڭغىلى ئىككى كۈندىن ئاشقان ئىدى . ئۇلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي

. خۇددى روھى چىقىپ كەتكەندەك ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى

ئالىيە ! ئۇلار نىمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ ؟ يىمەكلىك تۈگىدى .ئۇزاققا ماڭالمايمىز .  —

. ۋاڭخەن قولىدىكى كومپاسنى ئالىيەگە ئۇزاتتى

سەن قايتا سىگنال بېرىپ باق . ئالىيەنىڭ گەپ قىلىشقىمۇ راھى بارمايۋاتاتتى . ئىككى —

كۈندىن بېرى قانچە قېتىم كەينىگە قاراپ چىققىنىمۇ بىلمەيتتى ، ھەر قېتىم قارىغاندا كەينىدى

. ئەلىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى

نەچچە قېتىم سىگنال بەردىم . بۇنۇڭدىكى ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى بۇزغۇنچىلىققا —

. ئۇچرىدىمۇ يا ؟  ئالىيە گەپ قىلماستىن بېشىنى پەس قىلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى

تىك ئۇچار ! قاراڭلار تىك ئۇچار . ۋاڭخەن بىلەن ماتىيەن خوشاللىقىدا قوللىرىنى تىك ئۇچارغا—

قاتىپ پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى . ئۇلار ئاخىرى قۇتۇلۇپ قالدى ، ئەمما ئۇلار بۇ يەردىن ئايرۇلغىسى

. كەلمەيۋاتاتتى

بىز سىلەرنى ئىزدىگىلى نەچچە كۈن بولدى . بۈگۈن ئەتىگەن ئورۇن بەلگىلەش —

سىستېماڭلاردىن سىگنال كەلدى . قالغانلار قېنى ؟

ئۆلۈپ كەتتى ! بۇ يەردە ماگنىت مەيدانى باركەن ، شۇڭا سىگنال يوقاپ كەتىدىكەن . —

. ۋاڭخەن قۇتقۇزۇش خادىملىرىغا چۈشەندۈرگەچ سۆزلىدى

! ئەمسە چىك ئولتۇرۇڭلار . ھازىر ئۇچىمىز —

بىزنى خوتەنگە ئاپىرىپ قويۇڭ . ئالىيە شۇنداق دىگەچ چاپاننىڭ يانچۇقىدىن ئالتۇن ئۈزۈكنى— ئېلىپ قاراپ ئولتۇراتتى ، ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدى . ئۇ نىمشقا چاپىنىنى ئۆزىگە . كىيگۈزۈپ ئايرىم يولدىن ماڭغانلىقىنى ، نىمشقا ئاسما كۆرۈكنى ترەپ تۈرغىنى چۈشەندى . ئايروپىلان خوتەن تەۋەسىگە كىرگىچە بولغان ئارلىقتا ئۇ كۆزىنى قۇمدىن ئۈزمەي تىكىپ تۇراتتى ئايرۇپىلاندىن چۈشۈپ ئۇلار ھېلىقى بازارغا قاراپ ماڭدى ، بازارغا كىرىشى بىلەن ھەممىسى بازاردىكى پۈتۈن ئادەم ئۇرلارغا ھەيرانلىقتا قاراپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئۇستى بېشىدىن خەتەردىن قۇتۇلۇپ كەلگىنى بىلىنىپ تۇراتتى . سىدىق بوۋاي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەندىشىگە چۈششكە باشلىدى ،چۈنكى ئۇ كۆرۈشنى ساقلايدىغان . ئادەم كۆرۈنمەيتتى

ئەلى چۇ ؟ ئەلى قېنى ؟ ئۇ كۆڭلى تۈيغاندەك ئۈدۈل كىلىپلا ئەلنى سورىغان ئىدى . ئالىيە — گەپ قايتارمايلا ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىدە ئۆزىنى ئىكزىنى بېسۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى . پۈتۈن بازار ئاۋاتلىق بىراقلا ئۈچۈپ چىبىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغىدەك ھالغا كىلىپ قالدى. بۇ بازاردا ئەلنى تۇنۇيدىغان بىر قېتىقچى بىلەن سىدىق بوۋايدىن ئىبارەت ئىككىلا ئادەم بولسىمۇ . ھەممە ئادەم ئۇنۇڭ ئۇچۇن قايغۇرۋاتاتتى

سىدىق بوۋاي يايمىسىنى يىغۇشتۇرۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . ھەممە ئۇنىڭ نىمگە بۇنچە كۆڭلى يېرىملىقىنى بىلمىسىمۇ كەينىدىن ئىچ ئاغرىتقانچە قاراپ قېلىشتى . ئۇ ئۆيىگە كىرىپۈزىنى تۇتالماي . يىغلاشقا باشلىدى

ئۇ يەرگە بارماسلىقىڭ كېرەكتى ئەلى !ماڭا بۇ ئۈزۈكنى كېرىكى يوقتى بالام. مەن سېنى ساق — كەلسۇن دەپ بۇنى بەرگەنتىم ....ئۇ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتكەچ پۈرەكلەپ ئېچىلغان جەسەت . گۈلىگى بار قاچىغا تىكىلىپ تۇراتتى

ئەسەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىپتىخار تور بېكىتىگە تەۋە